# ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن تاللانمىلار

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

## ئېلكىتابلاشتۇرغۇچى: تەقۋا

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

— تەقۋا

# كىتابچە ھەققىدە

مەزكۇر كىتابچىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بۇ كىتابچىنى ياساپ چىقتىم. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تا- رىخقا ئىگە. بۇ كىتابچىنى ئوقىسىڭىز مىللىتىمىزنىڭ سىز بىلمەيدىغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆرۈپ- ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

كىتابتىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇرجان بلوگى، سالىھ بلوگى، مىسرانىم مۇنبىرى قاتارلىق تور بەتلەردىن كۆچۈرۈلگەن ئەمگىكىمىزگە ھۆرمەت قىلىڭ.

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

# مۇندەرىجە

تىل مەدەنىيىتى ..............................4
قايماق مەدەنىيىتى ..............................14
ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ..............17
خوشندارچىلىق مەدەنىيىتى ........................29
ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى ........................37
قىزلارنىڭ قولىقىنى تىشىپ ھالقا سېلىش ..............40
ئۇيغۇرلارنىڭ يەڭگە قوشۇپ ئەۋەتىش ئادىتى ..........42
ھۆكۈمدارلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش مەدەنىيىتى ..........45

ئۇيغۇر مىنىڭ پەخرىم

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

— تەقۋا

# تىل مەدەنىيىتى

ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،

رۇشەن تىل كىشىنى يۇرۇتقۇچى، بىل!

ـ يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسى دېگەندە نەزەردە تۇتۇلىدىغىنى ئانا تىل تەربىيىسى، ئانا تىل تەربىيىسى پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش، ئانا تىلنى قوغداش ۋە ئانا تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، «تىل ۋە تىلشۇناسلىق خەلق مۇئارىپىنىڭ ئادەتتىكى ھاياتىنىلا ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ» كارامزىن). بىراق ئانا تىل تەربىيىسى مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ھەربىر ئائىلىنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىسىدە ئۇيغۇر تىلىنى يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى جېنىدەك قەدىرلەپ كەلدى. ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرى ئەمدى دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىگە ئانا تىل تاۋۇشلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئانا تىلغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئانا تىل مەدەنىيىتى تەربىيىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئۇلۇغۋار ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكى تارىختىن بىزگە مەلۇم. ئۇيغۇر مۇئارىپىمۇ ئانا تىل دەرسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

تارىخىي مۇساپىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر خەلقى ئانا تىلنى ۋە ئۇنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئانا تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىي يۈزلۈك ئەۋج ئالغان ئەرەبلەشتۈرۈش دولقۇنىدا قاراخانىيلارنىڭ مەھمۇد ئىسىملىك بىر شاھزادىسى يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرىدە «مۇقەددەس تىل» دەپ ئۇلۇغلىنىۋاتقان ئەرەب تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» مەدەنىي تىل ئىكەنلىكىنى ئەرەبلەرگە ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ئانا تىلىدىن ئايرىلغان ۋە ياتلاشقان بىر بۆلەك زىيالىلارغا ئىسپاتلاپ بېرىش مەخسىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن بۈيۈك قامۇسنى يازغان. ئۇ بۇ ئەسىرى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك سەرپ قىلغان. ئۇ كىگانت ئالىم بۇ قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگىكى بىلەن ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىلىنىۋاتقان دەھشەتلىك ھۇجۇم ئۈچۈن مۇستەھكەم مەنىۋى سېپىل سوققاندى. ئەسىرگە 15 ـ كەلگەندە يەنىلا بىر قىسىم ئاغمىچى شائىرلار ئانا تىلنى كەمسىتىدىغان، پارس تىلىنى مەدەنىي تىل ھېسابلايدىغان بىر تەتۈر ئېقىم ئوتتۇرىغا چىققان. خېلى كۆپ ئاپتۇرلار ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان. ئەرەب ـ پارسچە نۇرغۇن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا خېلى بۇزۇلۇشنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. بۇخىل يۈزلىنىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن مەدەنىيەت سەركەردىلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

—— تەقۋا

تەرەپتىن، ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارس تىلىدىن مەدەنىي تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىدا مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاغمىچىلارغا زەربە بەردى ۋە ئانا تىلنى قوغداپ قالغانىدى.

ئۇلار ئانا تىل ئۈچۈن نېمىشقا مۇنچە كۆيىدۇ، ئانا تىل ئۈچۈن شۇنچە زور قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ؟ چۈنكى تىل دېگەن بىر مىللەتنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرىدىن بىرى. تىل دېگەن مىللەتنىڭ روھى، مىللەتنىڭ جېنى. تىل ھەم بىر مىللەتنىڭ ئورتاق مۈلكى. قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن قالغان قىممەتلىك تەۋەرۈكى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇر بايلىقى دېگەن سۆز. شۇڭا، ئۇلار تىلنى مىللەتنىڭ جېنى دەپ قارايتتى. مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەدەنىيەتنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئىزچىل داۋاملىشىشى تىلدىن ئىبارەت قورالغا باغلىق. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تىلى يوقالسا، مىللەتنىڭ ئۆزىمۇ ۋە مەدەنىيىتىمۇ يوقىلاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ تىلىغا قارىتىلغان ھوجۇمنى ئۇنىڭ قەلبىگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ چۈشىنەتتى. «خەلق تىلىنىڭ ھەمىشە مىللىي روھ بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى» (گۇمبۇلدت) بىلەتتى. ئانا تىلنى قوغداش ئۈچۈن بولغان كۆرەش ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ئالىي ئىپادىسى ئىدى.

مانا شۇ ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيا بىلەن

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشىنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

ــــ ئەقۋا

باغلاپ تۇردى،دۇنيا مەدەنىيىتى ئۇچرىشىدىغان بۇ ئالتۇن ماكاندا ئالتۇن كۆۋرۈك بولۇپ،دۇنيا بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئۈزۈلمەس رىشتە بىلەن باغلىدى.ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى تارىخىمىزدا نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملارنى يېتىشتۇرۇپ ،ئۇيغۇرلارنى دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگەندى.ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يولىنى،نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك نادىر ئەسەرلەر ئەنە شۇ مەدەنىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن بارلىققا كېلىپ،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتقانىدى.دۇنيا تارىخىدا بارلىققا كەلگەن مۇقەددەس كىتابلارمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ،ئۆزىنىڭ ھاياتىي قۇدرىتىنى نامايەن قىلغانىدى.

بۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەنگەن ئۇيغۇر خەلقى بالا «ئىگە» دەپ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ،ئۇنىڭ قەلب دەپتىرىگە«ئەللەي ناخشىلىرى» بىلەن ئانا تىلنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرىنى نەقىشلەشكە باشلايتتى.شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر تىلى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ،تارىختىكى ھەر خىل تىل ئاسسىمىلياتسىيىلىرىگە قارشى كۈرەشتە غالىب كېلىپ،پەن ـ مەدەنىيەت غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى 21 ـ ئەسىرگە دادىل قەدەم باستى.

ھازىرقى مەدەنىي دۇنيادا ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلىرىگە ئانا تىل ھەققىدە قانداق تەربىيە بېرىشى كېرەك؟ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان دۇنيا

مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇتقان مىللەت يوقىلىشىنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— ئەقۋا

**مەدەنىيەتنىڭە ياندىشىشى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئائىلە تەربىيىسى قانداق رول ئوينايدۇ؟**

ئانا تىل تەربىيىسى ھازىرقى دۇنيادىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ قەتئىي جىددىي قاراشقا تېگىشلىك بىر چەكسىزلىك. ئانا تىل تەربىيىسىگە سەل قارىغانلىق، باشقا تەربىيىلەرگە ھەم سەل قارىغانلىق بولىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ بوۋاق چېغىدا چىققان تۇنجى «ئانا» سۆزى ئانا تىل مۇقەددەسلىكى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ تۇنجى سادادىن كېيىن ئۇيغۇر ئانىلىرى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئانىنىڭ بۇ ھەقتە سىڭدۈرگەن ئەجرى پەرزەنتلەرنىڭ تىلىنىڭ راۋان بولىشى، تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر ئاساس سالىدۇ. چۈنكى تىلنىڭ راۋانلىقى، ئېنىقلىقى ۋە ئىپادە قىلىش كۈچى پەرزەنتلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تىلى بالدۇر چىققان بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى بىلەن تىلى كېيىن چىققان بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى روشەن پەرقلىنىدۇ. بالىلارنىڭ تىلىنىڭ تېز ۋە راۋان چىقىشى كۆپ مەشقلەندۈرۈش، كۆپ سۆزلىتىش، كۆپ گەپ قىلىپ بېرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇيغۇرلار مەقسەت ــ مۇددىئاسىنى تولۇق، راۋان ئۇقتۇرالايدىغان بالىلارنى «ئەقىللىق بالا ئىكەن» دەيدۇ. دۇدۇقلاپ گېپىنى ئۇقتۇرالمىغان، گەپنى تاقا ــ تۇققا قىلىپ مەقسىدىنى ئۇقتۇرالمىغان جۇرئەتسىز بالىلارنى ياخشى تىل تەربىيىسى كۆرمىگەن، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەرنىڭ تىلىنىڭ ئۈچۈق ۋە راۋان

ئۇيغۇر مىنىڭ پەخرىم

بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇۋاپىق:

بىرىنچى، پەرزەنتلەرنى تىلى چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئېنىق، توغرا تەلەپپۇز بىلەن راۋان سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم. ئەگەر گېپىنى تولۇق تەلەپپۇز قىلالماسلىق ئەھۋاللىرى بايقالسا، جورئەتلىك بولۇشقا، تارتىنماسلىققا ئىلھاملاندۇرۇپ، گەپنى ئېنىق، دانە ـ دانە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش؛ قىيىلىنىپ قېلىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا، يېتەكلەش خاراكتېرىدە سۆزلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش كېرەك. چۈنكى بەزى باللار تارتىنىش ۋە جىددىيلىشىش تۈپەيلىدىن گەپنى تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايدۇ.

ئىككىنچى، باللارغا گەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان چاغدىلا گەپ قىلىپ، قالغان چاغلارغا كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ. زۆرۈرىيەتسىز چاغلاردىمۇ باللاردىن كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراش يولى بىلەن غىدىقلاش لازىم. ئەگەر باللار بىرەر يەرگە بارغان بولسا شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىنى، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى سۆزلىتىش، ئويىنىغان، تۇرغان ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىتىش، باشقىلارغا بولغان چۈشەنچىسىنى سۆزلىتىش كېرەك. بەزى چاغلارغا پالانىنىڭكىگە بېرىپ «مۇنداق، مۇنداق دەپ كەل» دەپ بۇيرۇش، تېلفوندا سۆزلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يېتەكلەش كېرەك.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
ــ تەقۋا

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

ئۇچۇنچى، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ۋە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن، بالىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىش، ئۇقۇشتىكى تەسىراتلىرىنى، دەرسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى سۆزلەپ بېقىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، كىتابلىرىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈش يولى بىلەن بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. بالىلار بىلەن ئانچە ـ مۇنچە بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قويۇشمۇ بالىلارنىڭ پىكرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، تىلىنى راۋان قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئانا تىل بىلەن خەنزۇچە تىلى ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىلمىي كۆز قاراشتا بولۇشى كېرەك.

قوش تىل ئۆگىنىش قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلەرگە قويغان مۇھىم تەلىپى بولۇپ كەلگەن. دىنىي ئېتىقاد ئېھتىياجىدىن بولسۇن، مەدەنىيەت نوقتىئىنەزەردىن بولسۇن، ئۇيغۇرلار قوش تىللىق بولۇشنى دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ يول خېتى دەپ قاراشقان. قەدىمكى بۈيۈك ئالىملاردىن مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىيلارمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدا يوقۇرى سەۋىيەلىك ۋە پاساھەتلىك ئەسەرلىرىنى يازغانىدى. بىراق ئۇلار شۇنداق كامالەتكە يەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ ھەرگىز ئانا تىلدىن ۋاز كەچمىگەن، بەلكى ئانا تىلنى ئۇلۇغ بىلگەن ۋە ئانا تىلدىن

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
ـــ تەقۋا

ئەسەر يېزىپ دۇنياغا تونۇتقان.

ھازىر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ قوش تىللىق بولىشىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.بولۇپمۇ شەرت-شارائىتى يار بېرىدىغان جايلاردا بالىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ۋە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئىشتىياقى زور دەرىجىدە يوقۇرى كۆتۈرۈلگەن،چەت ئەل تىلى كۇرسلىرى كۆپەيگەن،بۇخىل يۈزلىنىش ئەلۋەتتە كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.ئاتا-ئانىلار بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل چىقىم قىلىۋاتىدۇ.

بىراق ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش،بەزى ئاتا-ئانىلار باشلامچىلىق بىلەن پەرزەنتلەرنى ئانا تىلدىن ياتلاشتۇرىدىغان ئەھۋاللار باش كۆتۈردى.بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:بىرى،بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن ئالاقىدە ئانا تىلدا سۆزلىمەي،خەنزۇ تىلدا سۆزلەشسە،بەزىلىرى يېرىم ئۇيغۇر تىلدا،يېرىم خەنزۇ تىلدا سۆزلەپ ئەبجەش بىر تىلنى بارلىققا كەلتۈرىۋاتسا ئۇنىڭغا توغرا تەدبىر قوللانماقتا يوق،ئەكسىچە پەخىرلىنىدىغان،ھەتتا ئۆزى باشلامچى بولۇپ خەنزۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ ئۇچراتتۇق.يەنە بىرى،ھازىر خېلى كۆپ ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بېرىش بىر دولقۇنغا ئايلانغىلى تۇردى.بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلى مەڭگۈ خەنزۇ تىلى بولۇپ قالىدۇ.ئۇيغۇر تىلى ئۇلار ئۈچۈن ئىككىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە ئۆگەنگەن تىل بولىدۇ.ئۇ بالىلار ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئانا تىل

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

تەربىيىسى كۆرگەن بالىلاردەك قەلب ھېسياتىنى ئانا تىل بىلەن تولۇق مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.ئۇلار ئانا تىل بىلەن پەقەت تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئالاقىنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقالىشى مۇمكىن.مەن تونۇيدىغان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بار ئىدى.ئۇلار 5 يىل مۇنتىزىم ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئاڭلاپمۇ،كېيىن خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئۇيغۇر تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى.بەزىلىرى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇنداق بولۇشنىڭ نېمە سەۋەبى باردۇر،دەپ جەمىيەتتىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقتىم.بەزى ئاتا ــ ئانىلار،ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان بالىلار خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىكەن،شۇڭا،ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى يوق بولىدىكەن،خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇسا ئىستىقبالى بولىدۇ،دەپ قارايدىكەن.يەنە بىر بۆلەك ئاتا ــ ئانىلار،ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ شەرت ــ شارائىتى ناچار،ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن،خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ شارائىتى ياخشى،ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى،دەپ قارايدىكەن.بىرىنچى خىل قاراشنىڭ ئاساسى يوق.ئەگەر مەسىلىگە ئۇنداق قارايدىغان بولساق،مەنتىق جەھەتتىن خەنزۇ بالىلارنىڭ ئىستىقبالى بار،ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئىستىقبالى يوق دېگەن خاتا ئەقلىي يەكۈن چىقارغان بولۇپ قالىمىز. بىلىش كېرەككى،مىللىي مۇئارىپ پۈتۈن جۇڭگو مۇئارىپىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى،ئۇيغۇر مۇئارىپىمۇ سوتسىيالىزم ئۈچۈن،جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن،كەلگۈسى ئۈچۈن،تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت

مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

ـــ تەقۋا

قىلدۇرىلىدۇ.ئورتاق مۇئارىپ فاڭجىنى بويىچە ئادەم تەربىيىلەيدۇ.ھازىر دەرسلىك مەزمۇنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.ئەگەر تىل پەرقى نوقتىسىدىن ئىستىقبالى پەرقلىنىدۇ،دەپ قارايدىغان بولساق،ئۇنداقتا مىللىي مۇئارىپنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ،بارلىق باللارنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ؟

شۇنى بىلىش كېرەككى،مىللىي مۇئارىپ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالەتچىسى.ئومۇملۇق نوقتىسىدىن قارىغاندا،ئىستىقبال مەسىلىسىنى پەرزەنتلەرنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.بەلكى مىللىي مۇئارىپنىڭ سۈپىتىنى يوقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدۇ.ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مۇئارىپى ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا ئەكىس تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇئارىپ ئەمەس،ئۇيغۇر مۇئارىپى نەچچە مىڭ يىللاردىن بويان ئانا تىلدا دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق دۇنياۋى مەشھۇر ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققاندى.ھازىرمۇ شۇنچە كۆپ پىروفېسسور ۋە دوكتۇرلارنى جەمىيەتكە چىقاردى.خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە(شارائىتى ياخشىراق مەكتەپلەردە) ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىدا روشەن پەرق يوققۇ.تىل مەسىلىسىدىن قارىساق،ھازىر 3 ـ يىللىقتىن باشلاپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە خەنزۇ تىلى ئۆگۈنىدۇ.ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كۆپلىگەن باللار خەنزۇ تىلدا راۋان ئالاقىلىشالايدۇ.شۇڭا،ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئانا

مەدەنىيىتىنى ئۆزئۆتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

ــ ئىرقۋا

تىلدىن مەھرۇم قىلىشقا زورلايدىغان ھەرقانداق ۋاستىسىنى ئىستىقبال ئۇچۇن تىرىشىش دەپ قارىمايمىز.ئۇ شەخسىيەتچىلىك،مەنپەئەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان قۇرۇق باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ھەقىقەتەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلايدىغان بولسا،ئۇنى مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە ئانا تىلىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئىزدىشى لازىم.

پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئانا تىلدىن مەھرۇم قىلىشتىنمۇ ئارتۇق يوقىتىش بولمايدۇ.چۈنكى «تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى،ئۇنىڭ ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ...تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى،ھازىرى ھەم كېلەچەك ئەۋلادنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە،تارىخىلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي،ئەڭ باي،ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر» (ئوشىنسكىي)

مەنبە: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

## قايماق مەدەنىيىتى

قايماق ـ كالا ، ئۆچكە ، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈتىدىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل ۋىتامىنلارغا تويۇنغان بىر خىل ئەلا سۈپەتلىك ياغ بولۇپ ، ئۇ

ئۇيغۇر مىنىڭ پىكىرىم

قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك ھۆل تەبىئەتلىك ئىسسىق بولۇپ ، كونىرىغانچە ئىسسىقلىقى بىلەن ھۆللۈكى كېمىيىدۇ ۋە سەپراغا مايىل بولىدۇ ، دەپ قارالغان . بۇ ئەلا سۈپەتلىك ياغ ماددىلارنى پىشۇرۇش ، بەدەننى سەمرىتىش ، تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، گالنىڭ يېرىكلىكىنى يوقىتىپ ، ئاۋازنى ساپ قىلىش ، قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىش ، ئىچكى - تاشقى ئىششىقلارنى تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىپ ، شۇ خىل كېسەلگە بۇيرۇلىدۇ .

قايماق يۇقارقىدەك ئەلا سۈپەتلىك دورىلىق قىممىتى بىلەن قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئېقلىم تېۋىپلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان . جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن تاۋخۇڭجىڭ دېگەن كىشى غەربىي يۇرت تېۋىپلىرى ھەققىدە يازغان « مەشھۇر تېۋىپلار خاتىرىسى » ناملىق ئەسىرىدە غەربىي يۇرتتىن كىرگەن داڭلىق دورا قايماق ھەم ئۇنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ئوتتۇرا ئېقلىم تېۋىپلىرىغا تونۇشتۇرغان .

مىلادىيە 6 - ۋە 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپ ، يىپەك يولىنى بويلاپ شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئېقلىمغا ئېلىپ بېرىلغان تىببىي دورا - دەرمەكلەر قاتارىدا قايماقمۇ ئىچكىرى جايلارغا تونۇلغان . ھەتتا « ئاممىباپ ماقالىلەر » قاتارلىق كىتابلاردا قايماقنى « غەلىتە يېمەكلىك » دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتاپ ، قايماقنى تېۋىپلاردىن باشقىلار چۈشەنمەيدىغانلىقى يېزىلغان .

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ .
__ تەرجىمە

تاك دەۋرىدە قەشقەردە تۇغۇلغان بۇددىزىم تەرجىمەشۇناسى ، نوم - تەپسىرلەر شەرھى ئۇستازى پىرخۇيلان « بارلىق نوم تەپسىرلىرى » ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە قايماق ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن . شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تېۋىپ خەنباۋ « يەن دورىگەرلىكى » دېگەن كىتابىدا ، « قايماق مايغا ئوخشاش بولۇپ ، قىشتا ئۇيۇمايدۇ ، يازدا ئېرىپ كەتمەيدۇ ، غەربىي دىياردىن كېلىدىغان ئېسىل دورا بولغاچقا ، ئاز پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ » دەپ يازغان .

شىنجاڭدىن چىقىدىغان قايماق مىلادىيە 6 - ۋە 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئېقلىم تېۋىپلىرىنىڭ تىببىي ئەسەرلىرىدە كۆرۈلۈپ ، « ئېسىل دورا ، قالتىس شىپالىق ، ھەممە دورىلاردىن ئەلا » دېگەندەك ماختاشلارغا سازاۋەر بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزىم نوم - سۇترالىرىدىمۇ « ئۇيغۇر قايمىقى » دېگەن نام بىلەن ياخشى ئىش ، ياخشى ئادەملەرگە تەمسىل قىلىدىغان ئادەتمۇ شەكىللەنگەن .

شىنجاڭنىڭ قايمىقى يەنە ياپونىيىگىمۇ تارقىلىپ ، قالتىس شۆھرەتكە ئېرىشكەن . مەسىلەن : تاك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە بەش دەۋرى مەزگىلىدە ياپونىيىنىڭ 60 - ئەۋلات پادىشاھى ئۆزىگە « قايماق » دەپ ئىسىم قويغان . بۇ سۆز ئەڭ ياخشى پادىشا دىگەن مەنىنى بىلدۈرگەن . مىلادىيە 5 - ئەسىرگە كەلگەندە قايماق دورىلىق بۇيۇم سۈپىتىدە يىپەك يولى ئارقىلىق

ئۇيغۇر مىللىي پىچاقلىرى

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ .
— تەقۋا

ئوتتۇرا ئېقىلمىغا تارقىلىپ ئىشلىتىلگەن . مىلادىيە 8 - ۋە 9 - ئەسىردە شىنجاڭنىڭ قايماقلىرى يىپەك يولى ئارقىلىق تاكى ياپونىيىگە تارقىلىپ بارغان .

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە قايماق ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلىنگەن ۋە نۇرغۇن رېتسىپلارغا كىرگۈزۈلىشى بىلەن بىللە ، دورا - دەرمەكلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ ، ئىستېمال قىلىشمۇ تەۋسىيە قىلىنغان . مەسىلەن : قايماقنى مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل بىلەن يېسە ، كۆكرەكتىكى ئارتۇق خىلتلارنى پىشۇرۇپ چىقىرىدۇ . قايماقتا سۈتنىڭ تەركىبىدە بولىدىغان ۋىتامىنلار ، يەنى نىكوتىن كىسلاتاسى ، كاروتىن قاتارلىق ۋىتامىنلار بار

مەنبە:يىمەك - ئىچمەك تورى

# ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ۋەسىيەت ــــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، « ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا يېزىپ ياكى باشقىلارغا ئېغىزاكى ھاۋالە قىلىپ قويغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇسۇللار

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

ــــ تەقۋا

بۇيچە مىراسلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەمدە ئۆلگەن ۋاقتىدا كۈچكە ئىگە بولىدىغان قانۇنىي تاپشۇرۇق »①تۇر. قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى بولغان ھەم ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. قەدىمكى جەمئىيەتتە ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى شۇ دەۋر ئىنسانلىرى ئۈچۈن نېمە زۆرۈرىيەت ۋە قانداق پىسخىك تۈيغۇنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن؟ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ۋە قالدۇرۇلغان ۋەسىيەتنامىلەر قەدىمدىن تارتىپ جەمئىيەتتە قانداق رول ئوينىغان ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش بىز ئۈچۈن زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر.

ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قالدۇرغان مىراسىغا ئەۋلادلىرىنىڭ قانداق ۋارىسلىق قىلىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈش، يەنە بىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قىلغۇسى بولسىمۇ شارائىتى ياكى ئۆمرىنىڭ يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلىپ بولالماي قالغان بىرەر ئىشنى ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان ياكى ئۆزى ئىشىنىدىغان بىرەرسىگە تاپىلاپ قويۇش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان. ۋەسىيەت قالدرۇغۇچىنىڭ نەزىرىدە، « ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيىتى، بەلكى ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىمۇ ئۇنىڭ ھاياتلىقىنىڭ داۋامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ

① مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كۆرەش قىلىشى ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ »②. شۇڭا، ئۆزى قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئورۇنلىسا ئۆزى روھىي قانائەت ۋە مەنىۋىي تەسەللىي تاپىدىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەردە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يازما ياكى ئېغىزاكى شەكىلدە باشقىلارغا تاپىلاپ، ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. ۋەسىيەت شەكلىگە ئاساسەن ئېغىزاكى ۋەسىيەت ۋە يازما ۋەسىيەت ، دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. يازما ۋەسىيەتلەر ئېغىزاكى ۋەسىيەتلەرگە قارىغاندا سەل كونكرېت، مۇرەككەپ ۋە رەسمىيراق بولۇپ، گۇۋاھچىلار بولۇشى ۋە ۋەسىيەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن گۇۋاھچىلارنىڭ قول قويۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئادەتتە ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرىدا تالاش ـ تارتىش بولغاندا قازى ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولغاچقا، ۋەسىيەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىمۇ قازىلار نازارەت قىلاتتى.

ۋەسىيەت قالدۇرۇش پەقەت قالدۇرغان مىراسنى توغرا تەقسىملەشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگىلا خاس ئادەت بولماستىن، بەلكى يىراق سەپەر ياكى جەڭگە كېتىپ قايتىپ كېلىش - كېلەلمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغان ۋە ياكى ئاغرىپ قېلىپ كېسىلىنىڭ ساقىيىشىغا كۆزى يەتمىگەن كىشىلەر ھەمدە نورمال ئەھۋالدىكى كىشىلەرمۇ قىلسا بولىدىغان ئىشتۇر. تورپاندىن تېپىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەخسلەرنىڭ مىراس ۋەسىيەتنامىلىرى بولۇپ، ئۇ ۋەسىيەتنامىلەردىن پەقەت

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تاپىلىغان نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى خەت ـ چەك ئىشلىرى، مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۆنى تەقسىملەش ئادىتى، تۈزۈمى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، كىشىلىك ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت، ئىگىلىك ئەھۋالى، پۇل ـ ئامانەت، قەرز، گۆرۈچىلىك ئىشلىرى ۋە بۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ئىجتىمائىي تەرەپلىرى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن، بىز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى ۋەسىيەتنامىنى كۆرۈپ باقايلى: « چاشقان يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى، مەن تۈشكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاچقا، ياخشى - يامان بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئايالىم سىلاڭغا ( ۋەسىيەت ) نامە ( يېزىپ ) قالدۇردۇم. ( ئايالىم ) مەندىن كېيىن ( قالسا )، ئەرگە - بەگكە تەگمەستىن ئۆيۈمنى تۇتۇپ ئوغلۇم ئالتمىش قايانى بېقىپ ئۆتسۇن. باشقا ئوغۇللىرىم — قوشاك، ئەسەن قايالار: ” ئۆگەي ئانىمىز ( سىلاڭ ) بىزگە مەنسۇپ، بىز ئالىمىز. ” دەپ ( ئۆنى ) ئالمىسۇن. ( ۋە ئۆنىڭ ئىشلىرىغا ) ئارلاشمىسۇن. ئەگەر ( ئۆنى ) ئالىمىز دەپ دەتالاش قىلسا، خان ئوردىسىغا بىر ئالتۇن ياستۇق ( پۇل )، ئوغۇل شاھزادىلەرگە بىردىن كۈمۈش ياستۇق ( پۇل )، ئىچكى ( ئوردا ) خەزىنىسىگە بىر ياستۇق، ( يەنە ) ئىچكى خەزىنىگە ( ئوردا خەزىنىسىگە ) بىر ئات ( جەرىمانە ) تۆلىسۇن ( ھەم ) ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن؛ سۆزلىرى ئاقمىسۇن. بۇ ( ۋەسىيەت ) نامىنى شۇترا كەد قىيا تۇتۇك، تۈكەلە، كىمتىس باشچىلىقىدىكى ( بۇددىست ) جامائەت، تاۋغاچ ياشا، ئىكىچى



مەدەنىيىتىنى ئۆزۈتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

— ئەقۋا

باشچىلىقىدىكى ( مەھەللە ) خەلقى، تۇغقانلىرىمىز ئەسەنە قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا بەردىم. گۇۋاھچى ئىنگە، گۇۋاھچى قان تويىن، بۇ تامغا مېنىڭدۇر. مەن قايىسىن سوراپ يازىم. بۇ تامغا مەن تاۋغاچ يىڭانىڭدۇر. بۇ تامغا مەن ئەسەنەنىڭدۇر. »③ بۇ ۋەسىيەتنامىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا خېلىلا مۇكەممەل بولغان ۋەسىيەت قالدۇرۇش، بولۇپمۇ يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى بولغان. بۇ ۋەسىيەتنامىدە بىر قانچە كىشىنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تامغىلىرىنى باسقانلىقى تىلغا ئېلىندۇ.

ئەجدادلىرىمىز ۋەسىيەتنامىلەرنى پەقەت ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراسلىرىنىڭ لىللا تەقسىملىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز قەبىلە - قەۋمىنىڭ ئىناق، ئۆم ياشىشى، باشقا خەلقلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىشى كېرەكلىكى ۋە ئۆلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ۋەسىيەتلەرنىمۇ قالدۇرغان. مەسىلەن، ئۇرخۇن دەرياسى بۇيلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار ۋە قەبرە تاشلىرىغا تاشپۈتۈك سۈپىتىدە ئويۇلغان ( خەتلەر ) ۋەسىيەتلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خاقانلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، يەنە خاقانلار ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرى ۋە مەڭگۈلۈك خىتابلىرى پۈتۈلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مەڭگۈ تاشلار تاش پۈتۈك شەكلىدىكى

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

ۋەسىيەتنامىلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى « ئوغۇزنامە » دىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرنى ئۇچرىتىمىز. ئوغۇز خاقان قۇرۇلتاي چاقىرىپ، يۇرتنى ئوغۇللىرىغا ئۆلەشتۇرۇپ بېرىپ بولۇپ ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلىپ: « ھەي، ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۇم. يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى شاد ئەيلەتتىم. تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم. ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن ... »④ دەيدۇ. ئوغۇز خاقاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدۇر ھەمدە ئوغۇز خاقاننىڭ ئۆز زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا مىراس سۈپىتىدە بۆلۈپ بېرىشىدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى ياخشىلىق دەپ بىلگەن. « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا: « ئاز ــــ ياخشىلىق بەلگىسى، ياخشى كۆڭۈل. < ئىگىلىگ تۇترۇغى ئاز بولۇر> ــــ ئاغرىقنىڭ ۋەسىيتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. بۇ كېسەل ياتقان كىشىنى ۋەسىيەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدىغان ماقال. » ⑤ دەپ خاتىرلەنگەن بولۇپ، بىز شۇ ۋاقىتلاردا « ۋەسىيەت » سۆزىنىڭ « تۇترۇغ » دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ « قۇتادغۇ بىلىك » تە: « ئايتولدىنىڭ ئىلىككە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى » ناملىق مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان بولۇپ، « قۇتادغۇ بىلىك » تە « ۋەسىيەت » سۆزى « قۇمارۇ » دېگەن سۆز بىلەن، « ۋەسىيەتنامە » سۆزى « قۇمارۇ بىتىك » دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. « قۇمارۇ » سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « ۋەسىيەت، نەسىھەت، مىراس؛ ۋىدالىشىش، ئايرىلىش »



مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

ــــ تەقۋا

دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب تىلىدىن « تاپشۇرۇق، ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشىنىڭ سۆزلىرى » دېگەن مەنىدىكى « ۋەسىيەت » سۆزىنى قوبۇل قىلغان. بىز ھەر قايسى دەۋرلەردىكى يازما يادىكارلىقلاردا ۋەسىيەت ھەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر خاتىرە قالدۇرۇلغانلىقىغا قاراپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىنىڭ بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىگە جەزىم قىلىمىز.

ئىسلام دىنىدىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە زۆرۈرلۈكى ئېنىق تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان. « ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئىشلىرى بار مۇسۇلمانلار بىر ـ ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزمەي ۋەسىيىتىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشى كېرەك. › »⑥ « قۇرئان كەرىم » دە بەلگىلەنگەن ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ۋەسىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. « سۈننىي مەزھىپىدە سۈننەت دەپ قارىلىپ داۋاملىق قوللىنىلىپ، مىراس تەقسىم قىلىشنىڭ قوشۇمچە شەكلى قىلىندى. ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) ۋەسىيەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغان مىراس مەرھۇمنىڭ ساپ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بىلەن چەكلىنىدۇ؛ (2) ئۆلۈش بويىچە ۋارىسلىق قىلغۇچىدا مىراسقا مۇشۇ شەكىلگە ئاساسەن ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ (3) ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ھايات ۋاقتىدا

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

ۋەسىيەتنى ئادىللىق بىلەن قالدۇرغان بولۇشى كېرەك. ئەقىل - ھۇشى جايىدا بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان يېزىق ياكى ئاغزاكى شەكىلدە ۋەسىيەت قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن، مەقسىتى خاتاسىز - ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ ئالاھىدە ئەھۋالدا، مەسىلەن، پالەچ بولۇپ تىلدىن قالغاندا ۋەسىيەتنى قول ياكى باش ئىشارىتى بىلەن ئىپادىلىسە بولىدۇ. شۇنداق قىلىش ئۆز كىشىنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولۇشى كېرەك؛ باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى، مەجبۇرلىشى، ئالدىشى بىلەن قىلىنغان ۋەسىيەت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ھايات ۋاقتىدا ۋەسىيەتنى ئادىللىق بىلەن قالدۇرغان بولىشى كېرەك. ئەقىل - ھۇشى جايىدا بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان يېزىق ياكى ئېغزاكى ۋەسىيەت قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن مەقسىتى خاتاسىز، ئېنىق بولىشى كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋالدا، مەسىلەن، پالەچ بولۇپ تىلدىن قالغاندا، ۋەسىيەتنى قول ياكى باش ئىشارىسى بىلەن قىلسا بولىدۇ. شۇنداق قىلىش ئۆز كىشىنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولىشى كېرك. باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى، مەجبۇرلىشى، ئالدىشى بىلەن قىلىنغان ۋەسىيەت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئىسلام دىنىغا نوقسان يەتكۈزىدىغان ۋەسىيەتلەرمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ⑦» .

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىدە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر بالىلىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى دەپنە ئىشلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن، ‹ مەن تۇگەپ كەتسەم، ئانامنىڭ ( ياكى

مەدەنىيىتىنى ئۆزئۆتقان مىللەت يوقىلىشىنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

— تەقۋا

ئاتامنىڭ ) قەبرىسىنىڭ يېنىدا قويۇڭلار ! › ياكى ‹ مېنىڭ مېيىت نامىزىمنى پالانچى ( موللام ياكى ئاخۇن ) چۈشۈرسۇن ! › دېگەندەك دېگەندەك ۋەسىيەتلەرنىمۇ ھەم ئۇچرىتىمىز. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋەسىيىتىنى شەرتسىز ئورۇندىشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئۇلاردىكى ئەجدادقا تېۋىنىش ئېدىيىسىمۇ زور تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى بىجانىدىل ئورۇنلايدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەسىيىتى ياخشى ئورۇندالسا، ئۇلارنىڭ روھى خوش بولىدۇ، پەرزەنتلىرىنى يۆلەيدۇ، دەيدىغان قاراش مەۋجۇد. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاتا ـ ئانىلار ئەگەر كۆپ پەرزەنتلىك بولسا بالىلىرىنىڭ چوڭىغا ئۆزى تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن، كىچىك ئىنى ـ سىڭىللىرىغا خۇددى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆيۈنۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زىممىسىدىكى ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلارنى ( مەسىلەن، ئوغۇل بولسا خەتنىسىنى قىلدۇرۇش، دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش، ئۆيلەپ قويۇش، قىز بولسا قولىقىنى تەشتۇرۇش، ئېغىر ئىشلارغا سالماي، تەۋىنى چەكتۈرمەي چوڭ قىلىش ۋە بويىغا يەتكەندە تاللىق قىلىش ... قاتارلىق ئىشلارنى ) ئۇلارغا ۋەكالىتەن قىلىپ قويىشىنى ۋەسىيەت قىلىشىدۇ. بۇنداق ۋەسىيەتلەر كۆپىنچە ئېغىزاكى شەكىلدە بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋەسىيەت ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشىدۇر.

ۋەسىيەتنامىلەر پۈتۈلگەندە كۆپىنچە ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك ئادەمدىن بىر قانچىسى گۇۋاھ بولىدۇ ھەمدە ئىشەنچلىك كىشىلەر بۇ ۋەسىيەتنامىنى بىر

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

— تەقۋا

ئۇيغۇر مىللىتى پەخرىم

نۇسخىدىن ساقلاپ قويىدۇ. ۋەسىيەتنامە ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋەسىيەت بويىچە ياش قۇرامىغا يەتمىگەن بالا ۋە روھىي كېسەللەرگە مىراس تەقسىملەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقىنى قوغداش، مال - مۈلكى ۋە باشقا بارلىق قانۇنلۇق هوقۇق مەنپەئەتىنى نازارەت قىلىش ۋە قوغداش ھەمدە ۋەسىيەتنامىلەرنىڭ ئەسلى مەزمۇنى بويىچە ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ۋەسىي تەيىن قىلىنىدۇ.

ۋەسىيەت ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە چۆچەك، قىسسە، رىۋايەت، ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلىكلەرنىڭ تۈگۈنى بولىدۇ. كۆپىنچە مەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن يېزىپ، تېپىپ كېلىش تولىمۇ تەس بولغان بىر جايغا تىقىپ قويۇلغان ۋەسىيەتنامىلەرنى تېپىپ كېلىش بىلەن باشلىنىدۇ. يەنە بەزى چۆچەكلەردە قېرىپ قالغان ئاتا ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. بالىلىرى بۇ ۋەسىيەتنى ياخشى ئورۇنلىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۈشكۈلاتلىرى ئاسان بولىدۇ ۋە كۈنلىرى تولىمۇ باياشاتچىلىقتا ئۆتىدۇ. مەسىلەن، « بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى »، « ئۈچ ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز» ... قاتارلىق چۆچەكلەردە مۇشۇنداق ۋەقەلىكلەر بار.

ۋەسىيەتنامىلەردە ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىشلارنى

قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئەكس ئېتىدۇ. جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ۋەسىيەتلەر ئومۇم تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ. ۋەسىيەت قانداشلىق ۋە دوستلۇقنى ئاساس قىلىپ ئەجدادلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈدىغان بۇرچ رىشتىسىدۇر. ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئاتا - ئانىسى ياكى توغقانلىرىنىڭ ۋەسىيىتىنى بىجانىدىل ئورۇنلىمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

قىسقىسى، ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى جامائەت گۇۋاھلىقى، قانداشلىق، مىراس تەقسىملەش، مۈلۈك ۋارىسلىقى ۋە ھەق - تەلەپ ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر ياخشى ئادەتتۇر. ئۇيغۇرلاردا « جان كۆندە چېچەكلىمەيدۇ. » ھەم ئادەمگە « بالا - قازا پۈت قولنى ساڭگىلىتىپ كەلمەيدۇ» شۇنداق ئىكەن، ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارىغان ۋە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا شەرتى توشىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇشى مۇھىمدۇر.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

» ①ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » ( قىسقارتىلمىسى )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

②بېرتىرانت. رۇسسىل ( ئەنگىلىيە )، ( ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى ): « نىكاھ ئىنقىلابى » ( ئۇيغۇرچە )، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 25 ـ بەت.

③مۇھەممەترېھىم سايىت، ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان:« قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 317 ـ ، 318 ـ بەتلەر.

④گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: « قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 61 ـ بەت.

⑤مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ،1 ـ توم 108 - بەت.

⑥مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى [مىسىر]: « ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە - مارجانلار »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 408 ـ بەت.

ئۇيغۇر مىنىڭ پىكرىم

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

« ⑦بىلقۇت خەزىنىسى » ناملىق ئېلىكترونلۇق لوغەتتىن .

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە « مىراس » ژورنىلى 2008 - يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى .

# خوشنىدارچىلىق مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخى تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئاز بولمىغان ئۆزگە خاس مەدىنىيەتلەرنى يارىتىپ، دەۋرلەردىن دەۋرلەرگىچە ئەلۋادمۇ - ئەۋلاد داۋام ئەتكۈزۈپ، تا ھازىرغىچە مىللىي ئەنئەنە سۈپىتىدە ساقلاپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇرلارنىڭ خوشنىدارچىلىق مەدىنىيىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىككى تەرەپ خوشنىلار ۋە كۆچۈپ كەتكەن خوشنىلار بىلەنمۇ خۇددى بىر تۇققان قېرىنداشلاردەك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتۈشتەك خاسلىقى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

خوشنىدارچىلىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1.ئۇيغۇرلاردا «يىراقتىكى تۇققاندىن يېقىندىكى خوشنا ئەلا» دەيدىغان

ماقال بار، دېمەك ئىنساننىڭ بېشىغا ئىش كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، بەندىنىڭ ئاللاھقا ھاجىتى چۈشكەندىن سىرت، بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشۈپ تۇرۇش ئادەتتىكى ئەھۋال، ھەر قانچە باي - باياشات ئائىلىلەردىمۇ ھەر كۈنى توقفۇزى تەل بولۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۆيلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز بىرەر نەرسە لازىم بولۇپ قالغاندا دەرھال خوشنىلارنىڭ ئۆيىگە سوراپ كىرسە شۇ نەرسە بولسىلا ئايىماستىن، ئۆزىگە قالماسلىقىدىن ۋە بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەستىن دەرھال ئەپچىقىپ ھاجەت بولغۇچىغا بېرىدۇ. نەرسە سوراپ كىرىشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بولسىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇرمايدۇ.

2.بىرەر ئىشتا كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ، ئىچى سىقىلىپ ئولتۇرغاندا، يېقىن خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھال - مۇڭ بولۇشقا دىلى تارتىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى ئېيتىشىپ، بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىپ يېنىكلەپ چىقىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىق بولمىسىمۇ تۇرمۇشتا ھەر كۈنى خۇشال ياشايمەن دېگىلى بولمىغاچقا بەزى كۈنلىرى ئادەمنىڭ كەيپىياتى بىنۇرمال، ھېچ ئىشقا قولى بارمايدىغان، تۇراقسىز ھالەت كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، تۇققانلارنى ئىزدەپ پاراڭلىشاي دېسە دېگۈچىلىكى يوق ئىشلار، ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرىۋەرسە تېخىمۇ سىقىلىپ، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئاسانلا ئازارلىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق، شۇڭا بۇنداق چاغلاردا دىلى تارتىدىغان خوشنىلارنىڭ تەسەللىسى ئاللاھىدە ئۇنۇملۇك دورىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

3.كىچىك باللىرى بار كىشىلەر دەرھال سىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قالغاندا بالىسىنى ئۆيدە يالغۇز قويۇپ قويۇش ئەپسىز بولسا خوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارتىنماي كىرىپ بالىغا قاراپ تۇرۇشنى ھەمدە ھويلا - ئاراملىرىغا ئىگە بولۇپ قويۇشنى تاپىلىغاندا خوشنىسى خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسىغا قارىغاندەك قاراپ قويىدۇ، ھەتتا قوچاقتىكى بالا بولمىسىلا بىر نەچچە كۈنلەپ «ئامانەت بالا» دەپ ئەتىۋارلاپ ياخشى كۈتۈپ قاراپ تۇرىدۇ، پات - پات چىقىپ خوشنىسىنىڭ ئىشىكىنى يوقلاپ تۇرىدۇ، كېچىسى تاراق - تۇرۇق ئاۋاز ئاڭلانسا ئالايىتەندە چىقىپ خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ باقىدۇ. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى باللىرىدىن ھېچقانداق غەم - ئەندىشىسىز خاتىرجەم جىددى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپلا ئۇدۇل خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ رەھمەتلىرىنى ئېيتىشىپ باللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

4.تاماق ئەتكەندە ئاز دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى كىشىلىك تاماقنى كۆپرەك ئېتىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇشتۇمتۇت بىر نەچچە مېھمان كىرىپ قالسا، ئارتۇق ئەتكەن تاماقتا ئۆزلىرى يېمەكچى بولغان تاماقتىن ئازراقتىن قىسىپ ھەتتا 3 ـ 4 مېھماننىمۇ چاندۇرماي تاماقلاندۇرالايدۇ. «ئەتكەن تامىقىڭدا خوشناڭنىڭمۇ ھەققى بار» دېگەن ماقال خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ ھېچكىم كىرمىگەن كۈنلىرى يان - بەل خۇشنىلىرىغا بىر چىنىدىن تاماق سۇنۇشۇپ بارنى تەڭ كۆرۈشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان. بولۇپمۇ داۋاملىق ئەتمەيدىغان، قول تۇتىدىغان،

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

تاڭسىق، ياكى ئالاھىدە دورىلىق تاماقلارنى (ئۆپكە - ھېسىپ، كۆك چۆچۈرىسى، كاۋا مانتىسى، چۆلە، يومدان.....قاتارلىق) ئەتكەندە ئىككى يان، ئۈدۈل، ئارقا تەرەپتىكى بىر قانچە خوشنىلارغا سۇنۇپ تەك يەيدىغان، ئوخشىغان تاماقلىرىنى بىر - بىرىگە سىقىنىدىغان ئادەت خوشنىدارچىلىق مەدىنىيىتىمىزدىكى ئالاھىدە تۈرلەرنىڭ بىرىدۇر.

5.ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ياكى كىچىك بالىلىرى بىلەن قالغاندا تۇيۇقسىز بىتاپ بولۇپ قالسا، ھەتتا ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتسە دەرھال تەجرىبىلىك خوشنىسىنى چاقىرتىدۇ، خوشنىلارمۇ ھەر قانچە زۆرۈل ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ، ئۇ ئىشقا جىددى قاراپ يۈگرەپ كىرىپ قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىماي چارە - ئاماللارنى ئىزدەيدۇ، ئېغىرراق ياتقان بولسا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتۈشكە ياردەملىشىدۇ، يەڭگىلرەك كېسەل بولسا دەرھال لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئەگەر بىر نەچچە كۈن يېتىپ قالغۇدەك بولسا ھەر كۈنلىكى تاماق ئېتىپ بېرىپ كېسىلىنى باقىدۇ، ئۇششاق باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، يوقلاپ كىرگەنلەرنى خۇددى ئۆزىنىڭ مېھمىنىنى كۈتكەندەك كۈتۈپ يولغا سالىدۇ. خوشنىسى بالىنىستا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بولسا باشقا خوشنىلار ھەر قانچە يىراق بولسىمۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلايدۇ، ھەرگىزمۇ چىرايىنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى، كېسىلىنىڭ ئېغىر ئېكەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ.

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

6.كۈندە ئۈچرىشىپ سالاملىشىپ تۇرىدىغان خوشنىلاردىن بىرەرسى بىر - ئىككى كۈن يوقاپ كەتسە ئەنسىرەپ سۈرۈشتىسىنى قىلىشىدۇ ۋە ئۆيلىرىگە كىرىپ ئالاھىدە ھال - ئەھۋال سورايدۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ خۇددى يىراقتىن كەلگەن ئېزىز مېھماننى كۈتىۋالغاندەك ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، قولغا سۇ بېرىپ، داستىخان ھازىرلاپ، چاي دەملەپ، بار نىئمەتلىرى بىلەن قىزغىن كۈتىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق رەھمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

7.خوشنىسىنىڭ ئۆيىدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرى بولغاندا ئۆز ئىشىدەك بىلىپ باغاق تارقىتىدىغان، ئەتتىگەندە سەھەر تۇرۇپ مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ۋە شۇ خوشنىسىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ ئادەتتىكى كۈنلەردىن باشقىچە پاكىز مۇھىت يارىتىپ بېرىدىغان، باشقا مېھمانلاردىن بۇرۇن كىرىپ ئېغىر - يىنىك ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، ياخشى مەسلەھەتلەرنى بېرىدىغان، ئائىلە سايمانلىرى يىتىشمەي قالسا ئۆزىنىڭكىنى ۋە باشقا خوشنىلارنىڭكىنى يىغىپ تەڭ ئىشلىتىدىغان، مېھمانلارنى بىرلىكتە ئۇزۇتىدىغان، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلىرى كۆپ بولسا ئۆيلىرىگە ئاچىقىپ قوندۇرىدىغان، ھاردۇق تاماقلىرىنى ئېتىپ ئەكىرىپ مەرىكە ئىگىسىگە ئىچكۈزىدىغان، مەرىكە ئاخىرلاشقاندا بولسا خوشنىلار كىرىپ ھاردۇق سورايدىغان ئادەتلەر ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئېسىل ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

8.خوشنىسى مۇسىبەتلىك بولۇپ يىراقتا ئۆلۈم ئۇزاتقىلى كەتكەن بولسا خوشنىلار ئۆز - ئارا يىغىلىپ ئارقىسىدىن بېرىپ پەتە ئوقۇيدۇ، هال - ئەھۋال سورايدۇ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنى نەزىر ئاخىرلاشقاندا بېرىپ يۆتكەپ ئەكىلىدۇ. قولى ئىشقا بارغۇچە ھەر كۈنى بىر خوشنا تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ ئىسسىقلىق بېرىدۇ.

9.بىرەر خوشنىسى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن باشقا جايغا كۆچۈپ كەتكەن بولسا ئۆي كۆچۈش، يۈغۈشتۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەندىن سىرت، ئارقىسىدىن بېرىپ ھاردۇق سورايدۇ ۋە يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلىشىدۇ. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» قىلماي پات - پات بېرىپ ئەھۋاللىشىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەر قانداق ئىشلىرى بولسا خۇددى بۇرۇنقىدەكلا ئىزدىشىپ مەرىكىلەرگەچاقىرىشىپ بىللە بېرىشىدۇ، ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتمەيدۇ.

10.خوشنىلارنىڭ بالىلىرى جېدەللىشىپ قالغان بولسا ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئالدىراپ بالا ئارىسىغا كىرمەيدۇ، خېلى ئېغىر زەخمىلىنىش كېلىپ چىققان بولسىمۇ چاندۇرماي داۋالىتىپ ساقايتىۋالىدۇ، قارشى تەرەپمۇ خىجىللىقىنى بىلدۇرۇپ بىرلىكتە داۋالىتىپ ، كۈندە ئەھۋال سوراپ تۇرىدۇ، ۋە بالىلىرىغا تەربىيە بېرىپ ئۆز - ئارا ئەپلىشىپ ئويناشقا دەۋەت قىلىشىدۇ.

11.خوشنىلار مەيلى باشقا مىللەتتىن بولسۇن، مەيلى باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولسۇن خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى

ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، يۇرتۋازلىق قىلىنمايدۇ، قېرىنداش مىللەتلەر بولسا ئۇلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قىلىدۇ، گەپ - سۆزدە ئېھتىيات قىلىشىدۇ.

12.تونۇرغا نان ياقماقچى بولغانلىرىدا ياكى چوڭراق مەرىكىلەرنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلغاندا ئەتراپتىكى بارلىق خوشنىلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ قىلىشىپ بېرىدۇ، تونۇر بېشىدا مۇڭداشقاچ، تەجرىبە ئالماشتۇرغاچ نان ئېچىشىپ، نان ياقالمايدىغانلارغا يېقىپ بېرىپ، بىر - بىرىگە ئىسسىق نان سۇنۇشۇپ بارنى تەڭ كۆرۈپ ئۆتىدۇ.

13.روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، نەۋرۇز بايراملىرىدا ئەڭ ئاۋال ئاتا - ئانىلارنى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەۋرىلىرىنى يوقلاپ كېلىپلا تۇنجى بولۇپ يېقىن خولۇم - خوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە (سۈرە فاتىھە) ئوقۇيدۇ، بىر نەچچە خوشنىلار يىغىلىپ باشقا خوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە ئوقۇپ كىرىدۇ، چوڭلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن باللىرىنىڭمۇ ھېيتلىرىنى تەبرىكلەپ ھېيتلىق بېرىپ كىچىكلەرنىمۇ خۇش قىلىدۇ. جامائەت سورۇنلىرىدىمۇ يېقىن خوشنىلار ئۆز ئارا ئىززەت - ھۆرمەت قىلىشىپ ئولتۇرىدۇ.

14.ئويلىمىغان يەردىن كېلىشمەسلىك بولۇپ خوشنىسىنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنى سەزگەندە قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قولىنى سېخىلىق بىلەن سۇنىشىدۇ، پۇل قەرز بېرىپ

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشىنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

تۇرغان بولسا قايتۇرالمىغۇدەك ھالدىكىلەرنى قەرزنى سۈيلەپ خىجەلەت قىلمايدۇ، خوشنىلار ئىچىدە پېقىر، يىتىم، ئاجىز كىشلەر بولسا بېشىنى سىلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆيلىنەلمىگەنلەرنى ئۆيلەپ، ئۆيى يوقلارنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەملىشىدۇ.

15.خوشنىسى يىراق سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ خوشلۇشۇپ كىرسە يولدا كېرەكلىك نەرسە - كېرەك ۋە يېمەكلىك بىلەن چىرايلىق ئىززەتلەپ يوللۇق تۇتۇپ ، ياخشى تېلەكلەر بىلەن ئۇزۇتۇپ يولغا سالىدۇ. قايتىپ كەلگەندە ئالاھىدە ئىسسىقلىق ئېلىپ ھاردۇق سوراپ كىرىدۇ، ياكى تاماق ئېتىپ ئۆيىگە چاقىرىۋالىدۇ.

16.تېرىلغۇ ۋە ئورام - يىغىم مەزگىللىرىدە ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرى، سۇ تۇتۇپ قويۇش، تېرىش، ئوراش، يىغىۋېلىش، كۆچەت تىكىپ باغ ئەھيا قىلىش،،،،، قاتارلىق ئىشلاردا خوشنىلار بىرلىشىپ بىر ئائىلىنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ.

مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ خوشنىدارچىلىقىدىكى ئېسىل ئادىتلىرىدۇر.

تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ھازىرقى ئۆيلىرىمىز قەۋەتلىك بىنالارغا مەركەزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە يۇقۇرقى ئادەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ساغلام ھالەتتە ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، تېخىمۇ ياخشى داۋاملاشتۇرۇش

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەتلىرىمىزنى يوقاتماي گۈزەل، ئىناق، ئىتتىپاق بولغان يېقىن خوشنىدارچىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ۋە چوڭلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى قىسقارتىپ يېزىپ چىقتىم، يەنە ئوخشىمايدىغان ھەمدە چالا قالغان تەرەپلىرى بولسا كۆپچىلىكنىڭ تولۇقلىما بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەنبە: كىرورەن تورى

# ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە چاي ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قايسىبىر رايونغا بارمايلى، چاي ئالاھىدە ئىچىملىك بولۇپ، ئۇلار ھەر قانداق تاماقنىڭ ئالدى - كەينىدە دەملەنگەن بىرەر پىيالە چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. بولۇپمۇ ياشانغانلار چاينى بىر خىل شىپالىق دورا دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دوست - يارەنلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، چاي ئىچكەچ ئۆزئارا مۇڭدىشىشنى بىر خىل ھوزۇرلىنىش ھېس قىلىدۇ. ئادەتتە كوچا - كويلاردا بىرەر يېقىن

تونۇشلىرى يولۇقۇپ قالسا، سالا - سائەتلەشكەندىن كېيىن «ئۆيگە مەرھەمەت، بىر پىيالە چاي ئىچكەچ ئۆتسىلە» دەپ تەكەللۇپ قىلىش ئومۇملاشقان قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بىرى.

سىز قەشقەر، خوتەن شەھەرلىرىنى ئايلانسىڭىز، دوقمۇش - دوقمۇشتا مەخسۇس چايخانىلارنى ئۇچرىتىسىز. بۇ چايخانىلارنىڭ كەڭ ۋە ئازادە ئورنىتىلغان ئوچاق بېشىدا ھەمىشە دېگۈدەك يىگىرمە - ئوتتۇرز چەينەك تىزىلغان بولۇپ، چايخانىدىن خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. چايخۇمار ئۇيغۇرلار ئۈچ - تۆت بۇرادەرلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ ئۆز ئارا پاراڭلىشىدۇ، چاقچاقلىشىدۇ ياكى چايخانا سازەندىلىرىنىڭ يېقىملىق نەغمىسىدىن ھوزۇر ئالىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر چايخانىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە دۇتار، راۋاب تەييارلانغان بولۇپ، ئۇنى بەزىدە شۇ چايخانىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مۇزىكانتلىرى خېرىدارلارغا چېلىپ بېرىدۇ. بەزىدە چاي ئىچىشكە كىرگەن خېرىدارلار (چايخۇمار) ئارىسىدىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى چالىدۇ.

مەيلى چايخانىنىڭ چېيى بولسۇن ياكى ئۆيدە دەملەپ ئىچىدىغان چاي بولسۇن، ئۇ ئادەتتىكى چاي بولماستىن، بەلكى ئۇ مىجەز تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان دورا چېيىدىن ئىبارەت. بۇ خىل «دورا چېيى» غا ئىشلىتىدىغان چاي ئاساسەن قارا چاي بولۇپ، بۇنىڭغا بەزى ئۆسۈملۈك دورىلىرى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئۇندەك سوقۇپ، قارا چاينى قايناق سۇدا دەملەپ، بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۈستىگە سوقۇلغان ئۆسۈملۈك

دورىسىنى سېلىپ چەينەك ئوتنىڭ تەپتىدە ۋىللىدە بىر ئۆرلىگەندىن كېيىن، پىيالىگە ئاز - ئازدىن قۇيۇپ ئىچىلىدۇ. بۇ خىل دورا چاينىڭ كۆپىنچىسى بەدەننىڭ ئىسسىقلىق كالورىيىسى (مىقدارى)نى ئاشۇرىدىغان، ئىشتىھانى ئاچىدىغان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدىغان، نېرۋىنى سازلاشتۇرىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، قۇۋزاقدارچىن، لاچىندانە، قەلەمپۇر، پىلپىل، زىرە، چىلان، ئالىقات، چۈچۈكبۇيا، تۇشقانزەدىكى، زەپەر، پىللە... قاتارلىقلار، بۇ دورىلار پەسىلنىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ھۆل - قۇرۇق بولۇشىغا قاراپ تەڭشەپ ئىشلىتىلىدۇ. بەزىلىرىنى ئايرىم (يەككە)، بەزىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، يېگەن تاماقنىڭ ئوخشاشماسلىقى، مىزاج پەرقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ئىشلىتىلىدىغان چاي دورىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، كاۋاپ، پولۇ، پېتىر مانتا تۈرىدىكى ئىسسىقلىق تاماقلار يېيىلسە، ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان تەبىئىتى سوغۇققا مايىل دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان چاي ئىچىلىدۇ. ئەگەر تەبىئىتى سوغۇققا مايىل سۇيۇقئاش قاتارلىق تاماقلار يېيىلسە، ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئاشۇرىدىغان دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. مۇشۇ خىل ئەنئەنىۋى چاي ئىچىش ئادىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۆز - ئۆزىنى داۋالايدۇ. پەسىل ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار بىرەر كۈن تاماق يېمىسە رازىكى، ئەمما ئالاھىدە دەملەنگەن مۇشۇ خىل چايدىن بىرەر پىيالە ئىچمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ.

# قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىپ ھالقا سېلىش

ئۇيغۇرلاردا قىزلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنىڭ قولىقىنى تېشىپ ھالقا سېلىپ قويۇش ئادىتى بار بولۇپ، بۇ ئادەت ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. گەرچە بۇ ئادەت ئالاھىدە بىر مۇراسىم شەكلىنى ئالمىغان بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ زىممىسىدىكى چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك بىر مەسئۇلىيەت سۈپىتىدە قارىلىدۇ. بۇ ئادەتكە ئاتىلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئانىلار بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ. قىزلار ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قولىقىنى تېشىشكە باشلايدۇ.

ئەنئەنىۋى قۇلاق تېشىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي ھەم بىخەتەر بولۇپ، كىشىلەر قىزلىرىنىڭ قۇلىقىنى تەشتۈرۈشكە بىرەر پىشقەددەم موماينى تەكلىپ قىلىدۇ. موماي قىزنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى قوناق ياكى چىگىت بىلەن ئۇزاق ئۇۋۇلاپ، قۇلاق يۇمشىقىنىڭ قېنىنى قاچۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن يىڭنە بىلەن قۇلاقنى تېشىدۇ ـ دە، ئىنچىكە سۈپۈرگە تېلى ياكى چاي شامىسىنى سانچىپ قويىدۇ. ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى قۇلىقىنىڭ بىرلا يېرىدىن تۆشۈك تېشىشكە ئادەتلەنگەن. ئادەتتە قۇلىقىنى ئىككى يەردىن

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

ئۇيغۇر مىنىڭ پەخرىم

تەشمەيدۇ ھەم بۇرنىنىمۇ تەشمەيدۇ. ناۋادا قۇلاقتىكى ئەسلى تېشىلگەن تۆشۈك پۈتۈپ قالسا، بۇزۇلۇپ كەتسە، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە تۆشۈك تېشىدۇ.

قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تەشكەندە ئۇنىڭ چىدىماي يىغلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى تال تۇخۇم ياكى بىرەر نەرسە يېگۈزۈپ قويىدۇ. قىزلارنىڭ قولىقىنى تەشكۈزگەن كۈنى ئانىسى ئۇلارغا چىرايلىق بىر جۈپ ھالقا ياكى بىرەر سوۋغات ئېلىپ بېرىش بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ ھەمدە قىزنىڭ ئانىسى بىرەر ئايغىچە ئۇنىڭ قولىقىنىڭ ئەتراپىغا يارا ـ چاقىلارنىڭ چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مايلاپ، ھەر خىل مەلھەملەرنى سۈرتۈپ تۇرىدۇ. قولاق تېشىش ئاساسەن ئۆرۈك چېچەكلىگەن پەيتلەردە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىش ئادىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قىز ـ ئاياللارغا ھەر خىل قۇلاق ئاسقۇلارنى سوۋغا قىلىش ۋە تويلۇق ئۈچۈن قۇلاققا ئاسىدىغان ھەر خىل زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىش ئادىتى شەكىللەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەخسۇس ھالقا ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ھۈنەر تۈرى ــ زەرگەرچىلىك مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلار ھەر خىل قولاق ئاسقۇلارنى «ھالقا، سۆكە، مۇنچاق، زىرە، سىرغا» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر مىنىڭ پەخرىم

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىزلار توي قىلدىغاندا قولاق ئاسقۇلار تويلۇقنىڭ خېلى مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز بەدىنىگە مەلۇم زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ۋە ئېسىش بىلەن بەدەن گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئىستىكى ئىنسانلاردا ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن. بۈگۈنكى كۈندە قىزلارنىڭ قولىقىنى تەشتۈرىدىغان بۇ ئادەت باشقا مىللەتلەرگىمۇ تارقىلىپ ئۆزلەشمەكتە. قۇلاق تېشىپ ھالقا ئېسىش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادىتى ۋە زىبۇ ـ زىننەت مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئۇيغۇرلارنىڭ يەڭگە قوشۇپ ئەۋەتىش ئادىتى

ئۇيغۇرلاردا تۇنجى تويى بولغان قىزغا توي كۈنى يەڭگە قوشۇپ ئەۋەتىش ئادىتى بار. قىز ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئاتا - ئانىسىنىڭ ھامىيىسىدە چوڭ بولغان بولسا، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئېرى ۋە قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنى كۈتىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز تۇنجى تويى بولغان قىزغا يەڭگە قوشۇپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

يەڭگە قىلىپ تاللانغان ئايال قىز تەرەپ جەمەتى ئىچىدىكى ياشقا چوڭ، ئەخلاق - پەزىلەت، بىلىم - مەرتىۋە جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئائىلە ئىشلىرىغا پىششىق، ۋاپادار، كۆيۈمچان، پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە، چوڭلارنى كۈتۈشنى بىلىدىغان، تۆشۈكتە ماھىر ئابرۇيلۇق ئايال بولۇپ، قىز بىلەن بىرگە يىگىتنىڭ ئائىلىسىگە كېلىدۇ. يەڭگە توي كۈنى قىزغا ئەتىگەندە قايسى ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرۇش، ئېرىنى، قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنى قانداق كۈتۈش، قانداق سالام بېرىش، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتتە قانداق بولۇش، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن قانداق ئەپ ئۆتۈش، تائامنى قانداق تەييارلاش، داستىخاننى قانداق سېلىش، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭشەش، ئەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمىكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلىدە ئەدەپلىك، مەدەنىي، سەممىي، ۋاپادار، راستچىل، ئېغىر بېسىق، كەمتەر، مۇلايىم، ئەپۇچان بولۇش، ئائىلىگە كۆيۈنۈش،گەپ توشۇماسلىق،ئائىلە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش، ئائىلە ئىشلىرىدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالماسلىق، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالماسلىق... دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدا قىزغا نەسىھەت قىلىدۇ،تۇرمۇشقا بەخت تىلەپ، مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

يەڭگە قىزنىڭ يېڭى ئائىلىسىدە پەقەت بىر كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە يېڭى كېلىنغا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

ئۇيغۇر مىللىي مەپكۇرىسى

توغرىسىدا تەپسىلىي تەربىيە، چۈشەنچە بېرىدۇ. قىز يېڭى ھۇجرىغا كىرگەننىڭ ئىككىنچى كۈنى قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىز ۋە يەڭگىنى يوقلاپ ئالاھىدە تائام تەييارلاپ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كېلىدۇ. بۇ، قىز - يىگىتنى ئەتىگەنلىك غىزالاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. تائام يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن يەڭگە قايتىپ كېتىدۇ. قىز شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى ئائىلە مۇھىتىدا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

يېڭى كېلىنگە نىسبەتەن يەڭگىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. يېڭى كېلىننىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇش - بولالماسلىقىدا يەڭگىنىڭ مۇئەييەن مەسئۇلىيىتى بار. يەڭگە تەجرىبىلىك، بىلىملىك، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە مول، گەپ - سۆزلىرى جايىدا بولسا، كېلىنمۇ يەڭگىنىڭ نەسىھەتلىرىگە، تەربىيەسىگە ياخشى ئەمەل قىلسا، كېلىننىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى بەختلىك ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى تويى بولغان قىزغا يەڭگە قوشۇپ ئەۋەتىش ئادىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق، مەدەنىيەت قارىشى، ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق چۈشەنچىسى، بالا تەربىيەلەش، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش، ئائىلىگە سادىق بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئېڭى، ئۆمىدۋارلىق ئىشەنچىسى، ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت ئېڭى مۇجەسسەملەنگەن.



مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشىنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

مەنبە : شىنجاڭ گېزىتى

# ھۆكۈمدارلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش مەدەنىيىتى

ئىمىن تاجى تۇرگۇن

)شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتوتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى(

كىتاب -ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى يېزىق، قەغەز ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت يېزىقسىز دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ تارىختا «تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر» دەپ ئاتالدى. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا مۆجىزىلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى يېزىق ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەجداتلىرىنىڭ تارىخلىرىنى خاتىرلەشكە ۋە ئەۋلادلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئۆچۈرلۈق قىممىتىگە ئىگە بولغان پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىشقا باشلىغان. مەتبەئە تېخنىكىسى بارلىققا كەلمىگەن شارائىتتا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تاش ئابىدىلەرگە، قىيا

تاشلارغا ۋە غارلارغا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى ئارقىلىق تارىختىن خەۋەردار قىلىپ كەلگەن. مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كىتابلارنىڭ سەھىپىسى، مەزمۇن يەتكۈزۈشچانلىقى ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولۇش جەھەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق

مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يېزىق ئىجاد قىلىش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش جەھەتتە باشقىلارغا قارىغاندا ناھايىتى زور تارىخى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان. شۇڭا دۇنيادىكى تۈركلوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار ئۇيغۇرلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇستازى دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەرىپلەيدۇ. مەسىلەن، زەكىي ۋەلىدىي توغان «ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىكرەك، مەدەنىيەتلىرىمۇ يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئەدەبىي تىل بولۇپ كەلگەن» ①دەپ باھا بەرگەن. ئېلىمىز ئالىمى چېڭ سولۇ بولسا «شەرقى ئاسىيانىڭ تاغلىق ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ھېچقايسىسى غەربى ياۋروپا ئالىملىرىنى ئۇيغۇرلاردەك ئۆزىگە تارتالمىغان«

②دەپ، شەمسىدىن ساقى بولسا «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالدىغا كەتكەن خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى» ③دەپ باھا بەرگەن.

ئۇيغۇرلار يېزىقنى نىسبەتەن بۇرۇن ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئاچقان مەدەنىي مىلللەتلەرنىڭ بىرى. ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇقىيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ ۋە ئىسراپىل يۈسۈپلەر

تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق يېزىق تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان»④. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدا سوغدىلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. يەنى ئۇيغۇرلار سوغدى ھەرپلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

مىلادى 8 ـ 7 - ئەسىرلەردە مۇڭغۇل يايلىقىدىكى ئۇرخۇن ۋە سېلىنگا دەريالىرى ۋادىلىرىدا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلارنى تۈرك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كىتابنىڭ نەمۇنىلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. گەرچە ئۇلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تاشلارغا ئويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆك تۈرك خانلىق(744 ـ 552 ـ يىللار) ۋە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ (840 ـ 744 ـ يىللار) سىياسى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربى يۈرۈش ۋە قەبىلىلەر يۆتكىلىشىدەك بىر قاتار مۇھىم ساھەلەر بويىچە بىزگە ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان«قەغەزسىز كىتابلاردۇر». بۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتتىن كېيىن (ئەڭ بۇرۇن تىكلەنگەنلىرى مىلادى 580 ـ يىلدىن باشلىنىدۇ، ئەڭ كېيىن دېگەنلىرى 820 ـ يىللىرى تىكلەنگەن. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۇلارنى رەسمىي ئوقۇپ يەشكەن ۋاقىت 1893 ـ يىلىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بايقىلىشى ۋە يېشىپ ئوقۇلۇشى دۇنيا تۈركلوگىيە تەتقىقاتىغا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەرگەن. مانا مۇشۇ مەڭگۈ تاشلار يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىق تارىخشۇناسلار تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن خەۋەردار بولۇشتەك ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتەك پۇرسەتكە ئېرىشەلىگەن.

1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى كېڭەيتىپ ياسالغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدا تاشيول قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ قېزىش ـ تازىلاش ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا 2 ـ نومۇرلۇق ئىزدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە لوغەتنىڭ 11 پارچە كەمتۈك ۋارىقى تېپىلغان⑤. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ لوغەت پارچىسىنىڭ 9 ـ ئەسىرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىنىقلاپ چىققان.⑥«

بىز ئالدىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك قەغەز ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىتابلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچ ئالدىنقى شەرت ئىدى. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى قايسى ۋاقىتلاردى باشلانغان دېگەن مەسىلە ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىدىن ئىبارەت.

ئەنئەنىۋي كۆز قاراش بويىچە قەغەز ئەڭ دەسلەپ مىلادى 89 ـ يىلىدىن مىلادى 105 ـ يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان سەيلۇن تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەم مىلادى 105 ـ يىلى سەيلۇننىڭ بۇ ئىجادىيىتى شەرقى خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشكەن دەپ قارىلىدۇ. دەرھەقىقەت ، ھازىرچە قەغەزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىجاد قىلىنىپ، ئاندىن ئوتتۇرا شەرق ۋە غەرب دۇنياسىغا تارقالغانلىقىدە پاكىتنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما يېقىنقى دەۋردە ئارقا ـ ئارقىدىن بايقالغان ئاربېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بۇرۇنقى ئەنئەنىۋي كۆز قاراشقا گۇماني سۇئال قويىدى. شىئەندىكى بىپچاڭ خارابىسىدىن تېپىلغان غەربى

خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەغەز پارچىلىرىنىڭ سەيلۇن ئېجاد قىلغان قەغەزنىڭ يىل دەۋرىدىن 200 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى»⑦. ئۇنىڭدىن باشقا 1933 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى قەبرىدىن غەربى خەن سۇلالىسى پادىشاھى شۈەندى دەۋرى بولسا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73 ـ يىلدىن 49 ـ يىلىغىچە بولۇپ، لوپنۇردىن تېپىلغان بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى سەيلۇن ئېجاد قىلغان قەغەزنىڭ يىل دەۋرىدىن 100 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى»⑧. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا قەغەز ياساشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى ھەققىدىمۇ ئۇيغۇر ئالىمى ياسىن ھوشۇر ئەپەندى تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كىتىلگەن يازمىلارنى ۋە مەتبەئە بويۇنلىرىنى(بۇلارنىڭ ھەممىسى پارىژدا ساقلانماقتا، ئالىم ياسىن ھوشۇر بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ پارىژدىكى بىر نەچچە يىللىق تەتقىقاتى داۋامىدا ئىسپاتلاپ چىققان) تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئېجاد قىلىپ بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل كىتابلارنى بېسىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغان»⑨. مانا مۇشۇ خىلدىكى مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن يېزىلغان ۋە بېسىلىپ چىققان كىتابلار دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندا كۆپلەپ ساقلانغان بولۇپ، بۇلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن چەتئەل ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئېلىپ كېتىشى بىلەن چەتئەللەردىكى كۇتۇپخانا، مۇزېي ۋە باشقا تەتقىقات

ئورگانلىرىدا ساقلانماقتا. تۇرپاندىكى مەتبەئە تېخنىكىسى ھەققىدە تۈركىيە ئالىمى شىناسى تېكىن مۇنداق دېگەن :« شۇ ۋاقىتتا ئېدىقۇتتا بېسىلغان كىتابلارنىڭ سەۋىيىسى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى⑩«

كىتاب سوۋغا قىلىش - ئىنسانلار تارىخىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. كىتاب باشقا سوۋغىلارغا ئوخشىمايدۇ، كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلار ناھايىتى زور نەپ ۋە لەززەتلەرگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ جەھەتتە دار كىتابنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى 30 يىل بۇ كىتابنى يېزىپ (ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى دېمەكچى) ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم دەپ ئېيتقان. دېمىسىمۇ بۇ كىتابتا خاتىرلەنگەن ئىران ۋە تۇران خەلقلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلىرى خاتىرلەنگەن. ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم دېگىنى بۇ كىتابتا شۇ دەۋردىكى ئىرانىيلارنىڭ تارىخى خاتىرلىنىش ئارقىلىق ئەۋلادلارغا بۇ ھەقتىكى تارىخى ناھايىتى ئېنىق قالدۇرۇلغانلىق كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مەدەنىيەت ئەرباپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق يېزىپ چىققان ئىلمي ئەمگىكىنى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارغا سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بىر تەرەپتىن ئەبەدىي مۇلۇك قىلىپ ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە ئەۋلادلارنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىشنى ئۆزىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ قارىغان ھەمدە بۇ ئادەتنى خېلى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەمگەكلىرىنى ھۆكۈمدارلارغا تەقدىم

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

__ تەقۋا

ئېتىشىنى نوقۇل ماددى مەنپەئەت نوقتىسىدىن تەھلىل قىلساق بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويغان بولىمىز. مېنىڭچە ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈپ ئەبەدىي ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە بۈگۈنكىدەك تەرەققى قىلغان نەشرىياتلار بارلىققا كەلمىگەن. كىتابلارنىڭ كەڭ دائىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ قولىغا يېتىپ كېلىشى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ بەھرىلىنىشى ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بىر دەۋردۇر. شۇنداق شارائىتتا كىتاب كۆچۈرۈشنى مەخسۇس كەسپىي ئادەت قىلغان ۋە خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغان. پۈتۈكچىلەر كىچە ـ كۈندۈز مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتابلارنى قولىيازما ھالەتتىن كۆچۈرۈپ تارقاتقان. ئۇلارنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا ئەزىمەتلەر دەپ سۈپەتلىمەي تۇرالمايمىز ،ئەلۋەتتە. گاباين قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۈتۈكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازغان : «قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۇلۇغ ساۋابلىق ئىش(قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىداBuYAN

دېيىلگەن) دېگەن چۈشەنچىسىدىنمۇ بۇنى بايقاش مۇمكىن. (چۈنكى دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىناتتى). خۇددى يايلاق تۈركلىرى ئەجەل تېشىbalbal)

(نىڭ ئىقتىدارى ئۆلگۈچىگە ئۆتىدۇ دەپ ئىشەنگەنگە ئوخشاش قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىدىمۇ دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈشنىڭ ساۋابلىق ئىش

ئۇيغۇر مىنىڭ پىكرىم

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
___ تەقۋا

ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇددا ۋە مانى دىنىي كىتابلىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ھەمىشە خاتىمە يېزىلاتتى. خاتىمىدە دائىم مۇنداق گەپلەر ئۇچرايدۇ، كۆچۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ بىرىنچى ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن مەرھۇم ئاتا-ئانىلارغا ، ئاندىن قالسا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلەرگە بولسۇن.⑪«

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇدكاشغەرى ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك«

تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەك دەسلەپ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك» نى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب ئاbbاسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27-خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

ئاپتۇر مەھمۇت قەشقەرى

قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1008-يىلى تۇغۇلۇپ (ئىلگىرىكى كىتابلاردا 1005-يىلى تۇغۇلغان دەپ قەيت قىلىنىپ كېلىنگەن ئىدى، بۇ ھەقتە ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىق خاتىرە پائالىيىتىنى ئەزىزانە قەشقەردە 2005-يىلى ئۆتكۈزۈپ داغدۇغا بىلەن خاتىرلىگەن. چەتئەللەردە بولسا 1008-يىلىنى ئالىمنىڭ تۇغۇلغان يىلى دەپ قارايدۇ. 2008-يىلى تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈرمەنىستان قاتارلىق ئەللەردە بىر نەچچە قېتىم خاتىرلەش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدىمۇ مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە مۇشۇ

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

— تەقۋا

يىغىن ۋە پائالىيەتلەرنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ تولۇق ئىندىكىسلىق نۇسخىسى ئىشلەندى) 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كەڭ دالا ـ سەھرالىرىنى ئايلىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن 1058 ـ يىلى قەشقەردىن يولغا چىقىپ 15 يىلغا يېقىن دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. مىلادى 1072 ـ يىلىدىن 1076 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئەسەرنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 4 قېتىم تۈزۈتۈپ ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر باغدادتا خەلىپىلىكنىڭ 27 ـ سى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنغان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا تەقدىم ئېتىش ۋە بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى سۈپىتىدە ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم، بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇغىدىن ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم»⑫ دەپ يازغان.

ئاپتور يۇقىرىقى ئەسىرىدىن باشقا يەنە «تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر» ناملىق يەنە بىر پارچە ئەسەرنى يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان»⑬.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

بۇ كىتاب تا ھازىرغىچە بىرەر يەردە بايقالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. بۇ ئېھتىمال ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈشتە قارا دولقۇندا كۆيۈپ كۈلگەن ئايلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بۇ ئەسەر 11-ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، ئەدەبىياتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، پەلسەپىۋى كۆز-قاراشلىرى، تىبابەتچىلىكى ھەربى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى، مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىششى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىر-قوشاقلار، رۇبائىي، مەرسىيە، ماقال-تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن مۇپەسسەل مەلۇمات بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» - تۈركىي سۆزلەر ئەرەبچە بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەتتۇر.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتى داۋامىدا يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن. ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما،

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
ــــ تەقۋا

قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سىلىپ چىقتىم.⑭»

بۇ ئەسەرنى ئىبراھىم مۇتئىي باشچىلىقىدىكى ئالىملار 1981 ـ يىلى 1 ـ تومىنى، 1983 ـ يىلى 2 ـ تومىنى، 1884 ـ يىلى 3 ـ تومىنى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ھازىرغىچە 10 نەچچە خىل چەتئەل تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشرى قىلىنىپ تارقىتىلدى.

بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1019 ـ 1018 ـ يىللىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەت مەركىزي بالاساغۇندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق ئەسىرىنى ئۇ ئۆزۈن مۇددەت توپلىغان ھاكىمىيەت باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنى قانۇني ئاساسقا ئىگە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، قاتمال قۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن -تۈزۈملەرنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پىروگراما خاراكتېرلىك ئەسەردۇر. ئۇ بۇ ئەسىرىنى 1070 ـ يىلى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خانى ھەسەن بۇغراخانغا نورۇز سوۋغىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلغان»⑮. بۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1080 ـ يىلى ۋە 1082 ـ يىلى



مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

«قامۇس»، «سىياسەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.⑯«

ئاپتۇر ئەسىرىنىڭ بېشىدا «ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ئۇلۇغلىرىنى پۈختىلىغۇلىشلار ئۈچۈن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە يولۇغلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىمنى سىلەرگە مىراس قالدۇرۇدۇم، ھەر قاچان يولۇغلاردىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسىزلەر، بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭلارمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭلەرمۇ يول مۇشۇ» ⑰دەپ ئۆزىنىڭ كىتابىنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىنى قەيت قىلغان.

بۇ ئەسەر قايسى ئەل پادىشاھلىقىغا، قايسى ئېقىلمغا يەتسە ئۆزلۈكى ۋە پەۋقۇلاددە گۈزەللىكىدىن شۇ ئەلنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى ىوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەرگەن. چىنلىقلار «ئەدەبۇل مۇلۇك»(ئەمىرلەرنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى)، ماچىن ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەلىكە»(مەملىكەت دەستۇرى)، مەشرىقلىقلەر «زىنىنەتۇل ئۇمرا»(ئەمىرلەر زىنىنتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئىي تۈركىي» دەپ ناملارنى بەرگەن. يەنە بەزىلەر «پەندىنامە مۇلۇك»(ئەمىرلەرگە نەسىھەت)، تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىگ»(بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان.⑱«

بۇ ئەسەرنى ئەھمەت زىيائى قاتارلىق ئالىملار 1984 ـ يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.ھازىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ 6 ـ 7 خىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر

بوسۇغىسىدا) ناملىق ئەسىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئەينى دەۋر ئەدەبىي تىلى ـــ «خاقانىيە تىلى» (ئەسەردە بۇ تىل قەشقەر تىلى دەپ ئاتالغان) دا يېزىلغان ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق ئەسەر قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەبىي مىراسلار قاتارىدا مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» كۆچۈرگەن 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن داستاننىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان بىر پارچە شېئىرىدىن ئەدىبنىڭ يۈكنەك دېگەن يەردىن ئىكەنلىكى، دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئاتالغانلىقى ھەمدە ئەسەر تىلىنىڭ «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغانلىقى مەلۇم.

تارىخى مەنبەلەردە يۈكنەك شەھىرىنىڭ سەمەرقەند ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى مەلۇم. ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەسەرنى 1484 ـ يىلى شەيخزادە ئابدۇلرازاق كۆچۈرۈپ ساقلىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەجىپ ئاسىم بۇنى 1915، 1916 ۋە 1934 ـ يىللىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدۇرغان.

بۇ داستان پەندى ـ نەسىھەت تېمىسىدىكى ئەسەر بولۇپ، 14 باپتىن

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

ـــ تەقۋا

تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 11 چوڭ مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرق ۋە غەربى قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەمدە 12-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ بەزىدە قىتانلارغا بەزىدە خارازىم خانلىقىغا قارام ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. فېئودال تەپرىقچىلىق، بۆلۈنمىچىلىك، ئۇرۇش ئاپەتلىرى، قاششاقلىق، جاھالەت ۋە باشقا قاتمۇ-قات زۇلۇملار بۇ ئەدىبنى ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە خەلقپەۋەرلىك ئىدىيەلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنى ئادالەتكە، ئىنساپقا ۋە ئىنسانى ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىش نىيىتىدە بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان ھەمدە يېزىپ بولۇپ قاراخانىيلارنىڭ بېگى مۇھەممەد داد ئىسپەھسالارغا تەقدىم قىلغان⑲«

چوس گىخودزېر ۋە ئۇنىڭ «گىراماتىكا» ناملىق كىتابى

چوس گىخودزېر 13-14-ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر تىلشۇناسى ۋە ئالىمى. ئۇ شىنجاڭدىن يىراق سۇلالىسى ئوردىسىغا جەلپ قىلىنغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە بىلىم ئىگىسى، تەدبىرلىك سىياسىئون، دانا مۇتەپەككۇر، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن تىلشۇناس ۋە ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان ھەمدە «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن پەخىرلىك نامغا ئىگە بولۇپ، ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

چوس گىخودزېر قۇبلايخانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «گىراماتىكا» ناملىق بىر

كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇل تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئارقىلىق موڭغۇل تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزىنى توغرىلاش قائىدىلىرىگە ئاساس سېلىنغان. ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تاتاتۇڭا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان موڭغۇل يېزىقىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇرۇنقى يېزىقتىن پەرقلەندۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان ھەمدە موڭغۇل ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەنسارى ۋە ئۇنىڭ «نادىر نوملار يەشمىسى»، «نەسرنامىدىن پارچىلار»، «نەسرنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»،« دورا ئۆسۈملۈكلەر» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئەنسارى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تەرجىمشۇناس بولۇپ، تەخەللۇسى «گوباۋ»(دۆلەت گۆھىرى) ئىدى.

»يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى» نىڭ 192 ـ جىلدىدا دېيىلىشىچە، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بېشبالىقتا ئولتۇرۇشلۇق بوددىست ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان ۋە كۆڭزى تەلىماتلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. مۆڭكۆ خان تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى (مىلادى 1251 ـ يىلىدىن 1259 ـ يىلىغىچە) ئوردا تەرىپىدىن ئىلمىي خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغان.

يۈەن شىزۇ (قۇبلايخان(

تەختكە ئولتۇرغان يىلى (1260 ـ يىلى ) ئەنسارى تەرجىمە قىلغان ئون

جىلىدلىق بۇددا نومى «نادىر نوملار يەشمىسى» نى قۇبلايخانغا تەقدىم قىلغان. قۇبلايخان ئۇنى ئوردىنىڭ كاتىباتلىق، تىلماچلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ، قۇبلايخان ئۇنى يەنە مەخسۇس تارىخى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئۇ دەسلەپ بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن «نەسرنامىدىن پارچىلار» نالىق كىتابنى خەنزۇچىدىن مۇڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان. ئىككىنچى قېتىمدا يەنە «جىنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسى ئىشلار» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابنىڭ مۇڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مۇڭغۇل ـ ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي ، بەلكى ھەكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە «ئىبرەتنامە» نامىلىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ قۇبلايخانغا سوۋغا قىلغان. بۇ كىتابتا ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىكى دىۋان بەگلىرى بىلەن ۋەزىر ـ تۆرىلەرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا كۆرۈلگەن چارە ـ تەدبىرلەر بايان قىلىنغان . ئەنسارى بۇ تەرجىمە ئەسىرىنى قۇبلايخانغا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەنسارىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى تەسىرىمۇ خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارلاشقان ۋە قەلەمكەشلەر ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.

كېيىنكى ۋاقىتلار ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي يەنە سىماگۇاڭنىڭ «ئەلنى

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

ئۇيغۇر مېنىڭ پىغانىم

ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر«

ناملىق تارىخى ئەسەرنى، تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەردىن «كۆپ ئۇچرايدىغان قېيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «دورا ئۆسۈملۈكلەر» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ قۇبلايخانغا سوۋغا قىلغان.⑳«

ئۇ 1293 ـ يىلى ۋاپات بولغىچە مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ۋە ئىمىي تەرجىمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ »تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى

مىرزا ھەيدەر كوراگان 1550 ـ يىلى تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگان تاشكەنت ۋە ئورتا تۆپە ھاكىمى بولغان. ئاتىسى 1508 ـ يىلى شايبانىخان تەرىپىدىن ھىراتتا ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇ بۇخاراغا قېچىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە ۋاقىتلىق پاناھلانغان.

ئۇ 1513 ـ 1509 ـ يىللىرى نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ ھوزۇرىدا بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا بابۇر بىلەن سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق ھەربى يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. ئۇ 1513 ـ يىلى سەئىدىخاننىڭ يېنىغا كەلگەن بولۇپ تاكى سەئىدىسان ۋاپات بولغان 1533 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا سۇلتان سەئىدىخان بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بىللە بولغان.

سۇلتان سەئىدىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئىدى. دادىسىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەكەنگە كەلگەن. ئابدۇرەشىدخان يېڭى يىلنىڭ 1 ـ كۈنى كېلىپ تەختكە

ئۆلتۈرگىنىنى ياخشى دېگەن مەسلىھەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگۈچىلەر مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەت مىرزىلارنىڭ خانلىق تەختكە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېنىسى ئېسكەندەر خاننى ئۆلتۈرغۇزۇشنى قەستلەپ، ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك دەپ خاننى ئىشەندۈرگەن. شۇنىڭ ئابدۇرەشىدخان ھەق ـ ناھەقنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىققان سەئىد مۇھەممەت مىرزا ۋە بىر قانچە ئوردا ئاقساقاللىرىنى قەتل قىلغان. مۇشۇنداق شارائىتتا ،مىرزا ھەيدەر يەكەندىن چىقىپ كەشمىرگە كەتكەن.

ئۇ 1546 ـ 1541 ـ يىللىرى كەشمىردە تۇرغان يىللىرىدا «تارىخى رەشىدى » ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئاپتۇر ئەسلى بۇ كىتابىنى ئابدۇرەشىدخانغا بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ يۇقارقىدەك بىر قاتار سىياسى ۋەقەلەر سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان.

بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر لىنىنگرات، تاشكەنتتىكى بىر قېسىم مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ھازىرغىچە بۇنىڭ 7 خىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشىر قىلىندى.

مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى

مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى بولۇپ، 1715 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئىلىم ئىزدەش يولىدا ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. قانۇن، ئەدەبىيات بە ئىسلامىيەت پەنلىرى بويىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەك كاتتا ئالىمى بولۇپ تونۇلغان.

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يۇقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
—— تەقۋا

ئۇ شەرق ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىرنىڭ ئۆز ئوغلى گىلانشاھقا ۋەسىيەت ئورنىدا يېزىپ قالدۇرغان «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇشقان. بۇ ئەسەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىمۇ شۇ ماۋزۇدا بىرەر ئەسەر يېزىشنى پىلانلاپ، خەلق ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. نەتىجىدە شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەت ئىبراھىم بەگ ئىبنى كىپەك بەگ ئىغلىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە ياردىمى بىلەن 1785 ـ يىلى «سىدىقنامە» نامدا ئاتالغان دىداكتىك ئەسىرىنى يېزىشقا باشلاپ 1787 ـ يىلى تاماملىغان.

بۇ ئەسەر دىداكتىك خاراكتېردىكى ئەسەر بولۇپ، 44 باپتىن تۈزۈلگەن. مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇپ، سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، ئەدەبىيات، دىن، ئەخلاق ، تۇرمۇش ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەسىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان .

مۇھەممەت ئېۋەز بىن مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسىرى

شائىر مۇھەممەت ئېۋەز قاراقاشى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 18 ـ 17 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قاراقاشنىڭ ھازىرقى ماكلاي يېزىسى تەۋەسىدىكى مۇغاللا كەنتىدە ياشاپ، ئۆمرىنى ھەر قايسى پەنلەر ئىجتىھاتى



مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇ ئىلمسۆيەر ئاتىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيىلىشى ۋە ئائىلىسىدىكى قويۇق ئىلمىي كەيپىيات مۇھىتىدا ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر ۋە ئالىمدۇر. دادىسى مەۋلانە سەدرىدىن قاراقاشى ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ۋە ئۆزىمۇ ئۆمرىنى ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم بولغاچقا، ئوغلىنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزى ئوغلىنى بىۋاستە تەربىيەگە ئېلىپ، دىنىي ئىسلامنىڭ مۇقەددەس ئەھكاملىرىدىن تارتىپ تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي نۇجۇم،

يەتتە ئىقلىم، توققۇز ئەفلاك.... » لارغىچە يېتەرلىك تەربىيەگە ئىگە قىلغان. ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە ئۆزى ئۆگەنگەن ئىلىملەر بويىچە ئۇ زېھنى ئۆتكۈر ئالىم بولۇپ يېتىلگەن.

ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «مەخدۇم ئەزەم»، «تەزكىرەئىي خوجا ئىسھاق» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلىرى ۋە «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» نامىلىق كالىندارچىلىق ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت ئەسىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم شېئىرلىرى مەلۇم. «مەخدۇم ئەزەم»، «تەزكىرەئىي خوجا ئىسھاق» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلىرى 18 ـ 17 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە تارىخى شەخسلەر توغرىسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» دېگەن كىتابلىرى بىلەن ئۆز ـ ئارا ماسلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلايدۇ.

ئاپتۇرنىڭ «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» نامىلىق ئەسىرى ئاسترونومىيە،

ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، فىزىئولوگىيە ۋە ئەخلاق قاتارلىق پەنلەرنىڭ نوقتىسىدا تۇرۇپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇشۇ ساھەگە ئائىت ئىلىملەرنى توپلىغان مۇشۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرگەن. ئاپتۇر بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مۇنداق يازغان: « بۇ پېقىر خاكسار، پەرىشان رۇزىگەر مۇھەممەت ئەۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ..... بىر كەلىمە ھۆكەما ئەھۋالىدىن ۋە تارىخ، ھېساب، جەمەل، توققۇز ئەفلاك، يەتتە ئېقلىم، ئاجايىبات ۋە غارايىباتى ئالەم، شەھەرلەر، قەلئەلەر، ئىلمىي ھەندەسە ۋە نۇجۇم، ئىلمىي ھەيئەت مۇقەددىماتى ئىلمىي ھېساب، پاراسەت ۋە ھۆكۈمدىن جەمئىي قىلىندى ۋە ‹مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام› دەپ ئات قويۇلدى»(21)

دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاتاقلىق تەبئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇ ئەسىرى شۇ زامان ئۇيغۇر تەبئىي پەن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

ئاپتۇر بۇ ئەسەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى قاراقاش ھاكىمى مىرزا شاھباز بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىپ چىققان ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. بۇ ئەسەر ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغان.

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «كەلىلە دەمنە» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىبلەرنىڭ بىرى . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ ئەرەب ، پارس تىللىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىگەن تەرجىمە ئۇستازى، مەشھۇر خەتتات ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان .

ئۇ ھىندى پەيلاسوپى بىد باي بىرەھمىنىڭ «كەلىلە دەمنە» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بۇ ئەسەرنىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى بەھرىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلغان ۋە بۇ ئىشقا ھىجرىيەنىڭ 1131 ـ يىلى تۇتۇش قىلىپ پارسچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن تەرقىمە قىلىشقا باشلىغان .

بۇ پەلسەپىۋي -پىكىر مۇلاھىزىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈگۈچى مەسەل خارەكتىرلىك ھىكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ئاپتۇر ئۇنىڭدا تۈرلۈك جانىۋارلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھاياتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى ۋە زىدىيەتلىرىنى بايان قىلىش شەكلى بىلەن كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي جەريانى، پادىشاھلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۈرلۈك گورۇھ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ھىلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشغا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ھۆكۈمدارى مۇھەممەت ئىمام بەگ سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئاپتۇر ئۆز تەرجىمىسىنى «ئاسار ئىمامىيە» دەپ ئاتىغان . ئەسەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى تەرجىماننىڭ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق يازغان نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەرجىماننىڭ يۈكسەك قەلەم ماھارىتىنى

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ .
__ تەقۋا

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى بۇ ئەسەردىن باشقا يەنە پارس يازغۇچىسى هۈسيىن كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

موللا سىدىق يەركەندى ۋە ئۇنىڭ «نەسىري مىرزا مۇھەممەت هۈسەيىنگە» ناملىق ئەسىرى

موللا سىدىق يەركەندى 19 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە يازغۇچىسىدۇر. ئۇ «نەسىري مىرزا مۇھەممەت هۈسەيىنگە» ناملىق ئەسىرىبىلەن مەشھۇردۇر. يازغۇچى بۇ ئەسەرنى 1808 ـ يىلى يەكەندە يازغان بولۇپ، نەۋائىينىڭ «خەمسە» ناملىق شېئىري داستانىنى نەسىري شەكىلدە رومان قىلىپ تۈزۈپ چىققان. ئاپتورغا بۇ ئىشنى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن هاكىمى مىرزا مۇھەممەت هۈسەيىن بەگ تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور بۇ ئەسەرگە «نەسىري مىرزا مۇھەممەت هۈسەيىنگە» دەپ نام بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

ئۇنىڭغا «خەمسە» نىڭ «هەيرەتۇل ئەبرار»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەددىي ئىسكەندەر» قاتارلىق داستانلار كىرگۈزۈلگەن.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى ۋە «تارىخ تەبەرى» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى 19 ـ 18 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان ئاتاقلىق تارىخشۇناس ، ئالىم ۋە يازغۇچى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار يوق. پەقەت ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان»(ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)،

«زۇبدەتۇل مەسائىل»(دىنىي مەسىلىلەر جەۋھىرى)،«تەزكىرەئىي ئەسهابۇل كەهىب» نامىلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ۋە ئۆز دەۋرىدە بەك شۆھرەت تاپقانلىقىدىن خەۋەردار بولالايمىز.

ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان»(ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) نامىلىق ئەسىرى 1771 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ئەينى دەۋردىكى قەشقەر هاكىمى مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا دەۋەت قىلغان ۋە يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

ـ 1840يىلى ئۇ يەنە «زۇبدەتۇل مەسائىل»(دىنىي مەسىلىلەر جەۋھىرى) نامىلىق ئەسىرىنى يازغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە 1846 ـ يىلى ئەرەب تارىخشۇناسى تەبەرىنىڭ «تارىخ تەبەرى» نامىلىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە بىر قانچە باپلارنى قوشۇپ » تارىخى ئىسكەندىرىيە ۋە تاجنامە شاھى» نامىلىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىشقا قەشقەر هاكىملىرىدىن ئېسكەندەر بەگ تەشەببۇس قىلغانلىقتىن ئەسەر ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلانغان ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا سۈپىتىدە بېرىلگەن.

ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» نامىلىق ئەسىرى

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە ئاتاقلىق رېئالىزىمچى شائىرى. ئۇ 1770 ـ يىلى قەشقەر بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە كىچىك قول هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئەرەب، پار تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشقا باشلىغان.

مەدەنىيەتنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

ئۇ ئۆمرىنىڭ 60 نەچچە يىلىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، كاتىپلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. زوھۇردىن ھېكىمبەگ 1830 ـ يىلى ئۇنى ئوردىسىغا ئېلىپ كاتىپلىق خىزمىتىگە تەيىنلىگەن. بۇ خىزمەتنى ئۇ 10 نەچچە يىل قىلغان. ئۇ 1837 ـ يىلىدىن كېيىن «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ 1838 ـ يىلى تاماملىغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، «رابىئە ـ سەئىدىن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «پەرھات ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر بۇ ئەسىرىنى تۇرپان ۋالىيسى پىردۇننىڭ تەكلىپى بىلەن قەشقەردىن تۇرپانغا بېرىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇنى زوھۇردىن ھېكىمبەگ تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى نەۋائىينىڭ «خەمسى» سىدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەڭ چوڭ شېئىرىي داستاندۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1839 ـ يىللىرى زوھۇردىن ھېكىمبەگنىڭ

تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «دۇررۇل نىجاد»(نىجادلىق ئۈنچىلىرى) ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئەسەر سوئال -جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، سوئال مۇدىر خۇدىبىن ناملىق سەلبىي ئوبرازنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلىپ جاۋاب مۇقبىل رۇشەندىل ناملىق ئىجابىي پېرسوناژ ئېغىزىدىن ئېلىنغان. ئەسەر تۆۋزۈلۈشى نەسرىي ـ نەزمىي شەكىلدە بولۇپ، ئومۇمىي كىتاب 88 سوئالغا . 92 جاۋاب بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

تۇردى نازىم غېرىبى ۋە «كىتاب غېرىب» ناملىق ئەسىرى



مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

تۇردى نازىم غېرىبى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1802 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. نىزارى ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى ۋە ئىقتىدارىنى بايقاپ، ئۇنى خەتتاتلىق ئىشلىرىغا سالغان ۋە كېيىنرەك ئۇنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ كاتىپلىقىغا قويغان.

ئۇ 1837 ـ يىلى ھۆردىن ھېكىمبەگنىڭ

تەشەببۇسى بىلەن «كىتاب غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. بۇ ئەسەر 2150 مىسرادىن بېيىتتىن تۈزۈلگەن

شېئىري ماقالە بولۇپ، 36 ماۋزۇ، 58 سوئال ـ جاۋاب بىلەن تۈزۈلگەن.

موللا نىياز خوتەنى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرى

موللا نىياز خوتەنى ـ ئۇ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1777 ـ يىلى تۇغۇلغان ۋە

20نەچچە يېشىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان .ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىزىمغا قارشى روھ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئۆمرىدە كۆپلىگەن نەزمە، تارىخ، ئىجتىمائىي ئەخلاقىقا ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ،دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن 2080 مىسرالىق تارىخى داستانى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىبۇللا»، «ئەرزنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن باشقا «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرى بار.

شائىرنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرى خوتەن خانى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى

قىسىمىدا، نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ چىڭگىزخانغىچە، ئىككىنجى قىسىمىدا، چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى نەسەبى، تۇغۇلۇشى ۋە جەڭ قىرغىنچىلىقى، ئۈچىنجى قىسىمىدا، ھومايۇن پادىشاھنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر، قىسسەلەر ۋە رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى گۈيجۇ ئۆلكىلىك كۈتۈپخانىدا ساقلانغان بولۇپ، بەزى جايلىرى ئۈچۈپ كەتكەچكە ئوقۇش بىر قەدەر قىيىن. 1994 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلاپ ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان.

مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋەرراخى مۇسقىيون»(مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق مۇزىكىغا ئائىت ئەسىرى

مۆجىزى خوتەندە ئۆتكەن شائىر ۋە مۇزىكانت بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئۇ 1854 ـ 1855 ـ يىللىرى «مۇزىكانتلار تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

ئۇ فېئودال دىنىي چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلىدىن تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىر ئامانىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ زور ھۆرمەت بىلەن خەلققە تونۇشتۇرغان ۋە قىدىرخان ياركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى،راۋاب بىلەن ئەشئارنى كەشپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يازغانلىقىنى، «دىۋان قىدرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بارلىقىنى، يەكەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى سۇلتان

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
— تەقۋا

ئابدۇرەشىدخاننىڭ كىچە - كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارازىم، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ ئۇلارغا مۇزىكا دەرسى ئۆتكەنلىكىنى يازغان»(22). بۇ ئەسەر بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىز ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مۇزىكىسىنى تەتقىق بىرىنجى قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز.

بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئەلشىر بەگنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان ۋە يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ۋە ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرى

ئىمىنجان باھاۋۇدۇن - ئىلىدىكى پەننى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئىجتىھادلىق تارىخچى ۋە ئۇيغۇر فولكلور بايلىقىنى رەتلەپ، قازغۇچى بولۇپ، 1897 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، 1903 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تائالىيە مەكتەپتە ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىماسى ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ قولىدا، ئاندىن «خانىقا مەكتەپ» تە ئوقۇغان. 1916 - يىلى ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭ خىراجىتى بىلەن خۇنخاي مازارغا تۇنجى قېتىم «ئاقارتىش مەكتىپى» نى ئېچىپ ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ مائارىپ ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي يەنە ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىنى تارىخ تەتقىقاتىغىمۇ بېغىشلاپ ئىلى تارىخى ۋە باشقا تارىخى تېمىلار

بويىچە ئىزدەنگەن ۋە «ئىلى تارىخى»، «موختەرەمە تارىخى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرى تارىخى»، «مۇسۇلمان ئۆلىمالار تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللەر توپلىمى؛ قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

ئۇ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرنى يۈتكۈزگەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمغا ئۆز قولى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارمان قىلغان. ئەپسۇس ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمايلا 1948 ـ يىلى 2 ـ مارتتا 51 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ ئەسىرنى ئوغلى ئابدۇرېشىت ئىمىنغا تاپشۇرۇپ بۇنى ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئابدۇرېشىت ئىمىن بۇ كىتابنى ئەخمەتجان قاسىمغا تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان خېتىدە: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى جانابلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بۇ ئېلىتماسنى يېزىشىمدىكى مەقسەت بۇ ئەسەر ـ «ئىلى تارىخى» نى ئاتىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تەرىپىدىن 1948 ـ يىلى 28 ـ يانۋاردا يېزىلىپ پۈتكەن ئىدى. ئاتام ئەسەرنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ماڭا كۆچۈرۈپ، رەتلەپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىدى. مەن كۆچۈرۈش ھازىرلىقىدا تۇرغان ۋاقتىمدا ئاتام كۆز يۇمدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا « مەن بۇ تارىخنى يېزىشنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم، بۇ كىتابنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم ئەتمەكچى ئىدىم، ئۇ كىشى سەرپ قىلغان 22

ئۇيغۇر مىنىڭ پەخرىم

يىللىق ئۆمرۈمنى زايا قىلماس دەپ ئىشىنەتتىم، بىراق مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەمدى مېنىڭ ئورنۇمدا سەن تەقدىم قىلارسەن دەپ ۋەزىيەت قالدۇرغان ئىدى، ھازىرمىز، قازىمىز بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ 1949 ـ يىلى 1 ـ يانۋارغا ئۈلگۈرتتۇم، مۇشۇ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىتابنى ۋەسىيەت بويىچە سىز رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا تەقدىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، جانابلىرىنىڭ بۇ كىتابنى ئاتام مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغاندەك قوبۇل قىلىشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

ئىھتىرام ئىلە ۋەسىيەت بويىچە تەقدىم قىلغۇچى:

ئابدۇرىشىت ئىمىن تارىخ

ـ 1949يىلى 1 ـ يانۋار» دەپ يازغان .

»ئىلى تارىخى» ناملىق بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ 18 ـ 19 ـ ئەسىر شىنجاڭ تارىخى جۈملىدىن ئىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە بولغان قىممەتلىك ئەسەردۇر. بۇنىڭ شاپىگىرافتا بېسىلغان نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتوتىدا ساقلانماقتا.

يېغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب مەدەنىيىتى تەرەققى قىلىش بىلەنلا قالماي،

يەنە ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۆزى يازغان كىتابنى قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە

ئۇيغۇر مېنىڭ پەخرىم

خەلقنىڭ قولىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن شۇ ۋاقىتنىڭ پادىشاھلىرىغا، ھۆكۈمالىرىغا ۋە يۇرت چوڭلىرىغا سوۋغا قىلىش قىلىش بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە داۋاملاشقان. ئۇيغۇر ئاپتۇرلارنىڭ ئۆز ئەسىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھ، ھاكىم ۋە يۇرت چوڭلىرىغا سوۋغا قىلىشنى بىر خىل مەمەدانىلىق ياكى ئۆزىنى كۆرسىتىپ بىرەر نەپكە ئېرىشىش يولىدا ئەمەس ، بەلكى ئىنسانى روھ ۋە خەلقچىللىق مەيدانىدا تۇرۇپ ئۆز ئەسىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەبەدىي ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىش، يوقۇلۇپ، يىرتىلىپ ياكى خەلقنىڭ قولىغا يېتىپ بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەشتىن ئىبارەت ئىلىم سۆيەر ۋە خەلقچىللىق روھىدىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۇلار ھېچقانداق شەخسي مەقسەت ۋە
باشقا تەمەدە بولمىغان.

نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئاپتۇرلار ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ كېيىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى، ئانا يۇرتتىكى ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا -ئانىسى ياكى يۇرتتىكى ئەزىز خەلقىگە ۋە ياكى بىرەر خاتىرە كۈنلەرگە (دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايون ۋە ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ مانچە يىللىقىغا بېغىشلاش شەكلىدە(
بېغىشلاش ۋە ئۇلارنى خاتىرلەش شەكلىدە ئۆز ئەسەرلىرىنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىزاھاتلار:

مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتقان مىللەت يوقىلىشىنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.
__ تەقۋا

①③روس ئالىملىرى كوللىكتىپ تۈزگەن : «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»(ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى نەشرى ، 25، 36 ـ بەتلەر.

②چېڭ سولۇ : « ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى ، 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان ، 101 ـ بەت .

④ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىلى نەشرى ، 23، 1 ـ بەتلەر.

⑥ ⑤قۇربان ۋەلى : «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى نەشرى ، 11، 16 ـ بەتلەر.

⑧⑦مۇيىڭ : «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قەغەزچىلىكى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1979 ـ يىللىق 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانى (خەنزۇچە(

⑨ياسىن ھوشۇر، شى جىنبو : «ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلى ، 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 184.بەت .

⑩شىناسى تېكىن : « قەدىمكى تۈركلەردە كىتاب، قەغەز ۋە تامغىلار»، تۈركىيە ئىستانبۇل نەشرىياتى ، 1993 ـ يىلى نەشرى ، 13 ـ بەت .(يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ۋە ئابدۇبەسىر شۈكۈرىلەر يازغان ‹‹مەدەنىيەت كارۋانلىرى ‹‹

ناملىق كىتابتىن (2005- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر

مەدەنىيەتنى ئۆگۈنۈتقان مىللەت يوقىلىشنىڭ ئاخىرقى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ .

__ تەقۋا

قىلىنغان) ۋاستىلىك سىتات ئالدىم(

⑪ئاننا مارىيا فون گاباتىن : قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1980 ـ يىلىلىق 3 ـ سان، 58 ـ بەت.

⑭⑬⑫مەھمۇت قەشقەرى

:تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 34،3 ـ بەتلەر.

⑱⑰⑯⑮يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق : «11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 10، 18، 85، 337 ـ بەتلەر.

⑲ۋ.ۋ. بارتولد (روسىيە) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە» (ئۇيغۇر سايرانى روسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 208 ـ بەت.

⑳ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى : «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 121، 125 ـ بەتلەر.

(21)ئابدۇللا سۇلايمان : «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»(ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 165 ـ بەت.

(22)مولla ئىسمەتۇللا بىننى مولla نىمەتۇللا مۆجىزى : «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»(ئەنۋەر بايتۇر ۋە خەمىت تۆمۈرلەر نەشرگە تەييارلىغان)،

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 2.بەت.

پايدىلانمىلار:

.1مەھمۇت قەشقەرى

:تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

.2ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى : «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

.3ھاجى ئەخمەت : «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ نەشرى،

.4يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق : «11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

.5ئابدۇللا سۇلايمان : «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»(ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

.6ئابدۇشۈكۈر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ : «مەرىپەتچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

بۇ ماقالە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

بەشتاش باللار مائارىپ تورى